ئەنۋەر ھىدايەت

# نىلۇپەر ناخشىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەنۋەر ھىدايەت

# نىلۇپەر ناخشىسى

(شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

荷花之歌/爱尼瓦尔·伊大牙提著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11

ISBN 7—228—08439—X

Ⅰ.荷… Ⅱ.爱… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.227

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第103397号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提

责任校对:艾加尔古丽·吐尔逊

荷花之歌 （维吾尔文）

爱尼瓦尔·伊大牙提著

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001）

新疆新华书店发行

乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷

787×1029 毫米 32开本 6.375印张

2003年11月第1版 2003年11月第1次印刷

印数:1—3000

---

ISBN 7—228—08439—X 定价：10.00元

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئۆمىدلىك ياش شائىر ئەنۋەر ھىدايەت 1969 ـ يىلى 17 ـ نويابىردا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قوچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1981 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە قاراقاش ناھىيە تۆۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1987 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مالىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1992 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە قاراقاش ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەنۋەر ھىدايەت 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يازغان تۇنجى شېئىرى «غايىنى دوست تۇتۇپ» بىلەن شېئىرىيەت سەھنىسىگە قەدەم قويغان. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە بولغان چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن نۇرغۇن يېڭى شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، ياش شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى يېتىلىش ئالدىدا تۇرغان تالانتىدىن بېشارەت بەردى.

ياش شائىر ئەنۋەر ھىدايەتنىڭ «تۇرمۇش رەڭدارلا پايانسىز ئالەم» ناملىق شېئىرى 11 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە


غايىبنى دوست تۇتۇپ ........................... 1
يامغۇردىن كېيىن ................................ 2
ئۇيغۇر قىزى ................................... 3
چىن ھۆرمەتلىك ئىنسان ئۆزىڭىز .............. 4
سەبىي بالا ....................................... 5
نەسىھەت .......................................... 6
مۇئەللىم ......................................... 7
دوستۇمغا ........................................ 8
قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل ...................... 9
تەڭرى شۇنداق ياراتقان ئۇنى ................. 10
دوستۇمغا ....................................... 11
قۇياشقا قارا ................................... 12
تېپىرلايدۇ يۈرىكىم ............................. 13
مۇبارەك، ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ ...... 15
ئوتتۇنچى ..................................... 16
سەھرادىكى ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا .............. 17
سۆيگۈگە لىق تولسۇن بۇ كەڭرى جاھان ...... 19
سىڭلىمغا ..................................... 20
«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى ........ 21

سەن كۈلسەڭ قۇياشمۇ كۈلىدۇ بىرگە ........ 22
سەن شۇنداق ياشىغىن ........................ 23
ئامرىقىم سەن كېتىپ قالغاندىن بېرى ........ 24
بىر كەنتكە تېز سىزما ........................ 25
ۋىسال تاپقاچ سەرسان سۆيگۈلەر ............. 26
بالا باققۇچى قىزغا ........................... 27
ياشاش باقىي ئەمەس بەندىگە .................. 28
ۋەتەن ........................................... 29
ئانامغا ......................................... 30
تۇغار ئىكەن سەنەمنى سەھرا .................. 31
چىن سۆيگۈنى قەدىرلەيلى ...................... 32
شائىر ........................................... 33
دېھقانغا ........................................ 34
يۇرتۇمدا سەھەر ............................... 35
گۈل قىسىپ چېكەڭگە كەلسەڭ، ئامرىقىم ... 36
«ئىلاھە» دەپ مەن سېنى قىلىمەن تاۋاپ ...... 37
ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر ................. 39
يېتىپ كەلسە سېنتەبىر ......................... 40
تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر ........... 41
ياخشىلىقنى قىلىۋال ........................... 42
ئاي بالدۇرلا تۈنىگەن كېچە .................... 43
بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر .................... 44
جىلۋە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە ................ 46
لەۋلىرىڭدىن تۆكۈلەر شېئىر .................. 47
خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار .................. 48

چۈشەنسەڭ نىگار ........................ 49

نورۇز تەبىرى ........................ 50

باھار سۆيگۈسى ........................ 51

كېلىپ قالساڭ سەھراغا ئەگەر ........................ 52

كۆرۈشكەندە سەن بىلەن ........................ 54

جاڭگال لىرىكىسى ........................ 55

بەخت تۇرسۇن چېچەكلەپ ........................ 56

چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار ........................ 57

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق ........................ 58

قۇياشنى تۇتۇپ باق، يېڭى ئېرادا ........................ 59

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا ........................ 60

نىگارغا ........................ 62

ئۇخلىغىم بار راسا بىر قېنىپ ........................ 63

تۇرمۇش رەڭدار، پايانسىز ئالەم ........................ 64

دىلىمدا بىر ئوت بار، پەقەت ساڭىلا ........................ 67

ئايال تەبىرى ........................ 68

دېھقان دادا ........................ 69

چۈشەپ چىقتىم باھارنى يەنە ........................ 70

ياپراقلاردا ھىجران تىۋىشى ........................ 71

خوش دېگىن، نىگار ........................ 72

سەھرادىكى ئاشۇ مۇھەببەت ........................ 73

ئانا ........................ 75

ئانا ........................ 76

مەن، ئۆي، خوتۇن ........................ 77

قاراقاش ........................ 78

كۆرمەي تۇرۇپ سېغىنىش ...... 79

ئەتە ساڭا ئۇمىدتە باقار ...... 80

ئېسىڭدىمۇ جەنۇبلۇق يىگىت ...... 82

خوتەن ...... 84

ئانا ...... 85

سۆيگۈ ...... 86

ئىلتىجا ...... 87

جانانغا ...... 88

تەقدىر ساڭا ئەگمەيدۇ بويۇن ...... 89

دوستۇمغا ...... 90

سەھرا ...... 91

سەن تۇرۇپسەن بەختتىن يىراق ...... 92

پىستە ...... 94

ئايسىز كېچە، مەن يۇرىمەن تەمتىرەپ ...... 95

نىگارنى ئىزدەش ...... 96

ئايال ...... 97

چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش! ... 99

جەنۇبتىكى خىلۋەت كەنتتە . . . ...... 100

تاتلىق ـ تاتلىق ئەسنەيدۇ بالا ...... 102

چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار ...... 104

خوتەنلىك ئانا ...... 105

ئىش ئىزدەش ...... 108

بىزدە بار جاسارەت، غۇرۇر ۋە ھايا! ...... 109

دېكابىرنىڭ ئايدىڭ كېچىسى ...... 110

مۇزلىغان يۇرەك ...... 112

شائىر سۆيگۈسى .................... 113
ئازغۇن سۆيگۈ .................... 114
ئاققۇن ناخشىسى .................... 115
ئەلچى قىلىپ قۇياشنى .................... 116
تەنها .................... 117
يولچى ناخشىسى .................... 118
بىر مەيخورغا .................... 119
ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى .................... 120
ھايات، سۆيگۈ، ئۆلۈم . . . .................... 122
ماۋزۇسىز .................... 123
كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە، نىگار .................... 124
ئەتە ساڭا ئۈمىدتە باقار .................... 125
چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش ... 127
ئىگىسىز ئۆي .................... 128
يامغۇردەك تۆكۈلدى ھىجران يېشىمىز .................... 129
يېتىمسىراپ قالدىم ئايەمدە .................... 130
ئۇخلىۋالسۇن قەلبىمىزدە ئاققۇلار .................... 131
ئۇيغۇر دېھقانلىرى .................... 132
بايرىمىڭلار مۇبارەك .................... 136
رومالىنى يەنە پۇراپ يۈرگۈم بار .................... 138
تاڭغا يانداش ناخشىلار .................... 140
ھىجراندا كۆزۈم ياش، يازدىم لىرىكا .................... 141
مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا .................... 142
چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى .................... 143
سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ . . . .................... 145

ئايرىلغاندا يارىم سېنىڭدىن ........................ 146
بىر چېكىتتە تۇرساقمۇ، لېكىن .............. 147
تەتۇرسىگە قويۇلغان چېكىت.............. 148
سەھەر ........................................ 149
باھار .......................................... 150
ئايرىلغاندا ياردىن ........................ 151
سوغۇق كېچە .............................. 152
بالىلارچە ساداقەت.............................. 153
توۋا قىلدىم .................................... 154
يادىڭغۇ بالا .................................... 156
قۇياش لىرىكىسى .............................. 160
بىز يۇرەيلى بۇرۇنقىدەك سۆيۈشۈپ .............. 161
كېرەك بولسا گەر ساڭا ........................ 163
تەنها شائىر .................................... 164
مەن شۇنداق ئوۋچى ............................ 165
تېپىرلايدۇ يۈرىكىم .............................. 166
تون بالىسى ـــ يالماۋۇز بالا .................. 167
گۇمان ........................................ 169
كېلەلمىسەڭ يېنىمغا ........................ 170
نىيە ........................................ 171
يېڭى يىل نەزمىسى ............................ 173
مېنىڭ ناخشام .................................. 174
ئەمگىكىم ...................................... 175
بۇزۇلمايدۇ دوستلۇق ئەبەدىي .................. 176
بايرام شادلىقى .................................. 177

ئوغلۈڭمەن ........................ 178
ساختىپەز ........................ 179
مارتتا كۆرگەن تەتۈر چۈش ........................ 180
سەھرادا باھار ........................ 182
سەھرادا سەھەر ........................ 183
كۈلەرمەن بەلكىم ........................ 184
ماۋزۈسىز ........................ 185
سەھرادا سەنەم ........................ 186
سەھرا يىگىتىگە ........................ 187
ۋەھىمە ........................ 188
بولمىسا زاۋال . . . ........................ 189
نىلۈپەر ناخشىسى ........................ 190

# غايىنى دوست تۇتۇپ

بولمىسا سەندە گەر بىر گۈزەل غايە،
ماختىنىپ ئۆزۈڭنى «مەن ئوغۇل» دېمە.
خەلقىڭگە نەپ بەرگىن، ئۇمىدىن ئاقلا،
تەر تۆكمەي ھەرگىزمۇ تەييار نان يېمە.

ھالال تەر ـ ئەجرىڭدىن يارات كەشپىيات،
غايىنى دوست تۇتۇپ، باس داۋام ئالغا.
ئەل ئۇچۇن شان قۇچۇپ ھەربىر قەدەمدە،
چامدىغىن مەنزىلگە، پارلاق ئىقبالغا.

مېھنەتتىن قۇت تېپىش چىن ئىنسانغا خاس،
سەن بولغىن بال تۆكەر ھەسەل ھەرىسى.
چېھرىڭدە پارلىسا ئەجىر تامچىسى،
كۈلىدۇ ئالدىڭدا بەخت پەرىسى.

1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## يامغۇردىن كېيىن

ياقۇت كەبى كۆزنى چاقنىتىپ،
ياپراقلاردا يالتىرار قەترە.
ئۆرۈلىدۇ دىماغقا تاتلىق،
چېچىلغاندەك خۇش پۇراق ئەترە.

زەڭگەر كۆكتە ھەسەن ۋە ھۈسەن،
كۆز قىسىشىپ قىلار تەنتەنە.
چاڭ كەلتۈرۈپ باغلاردا قۇشلار،
خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇ ئەنە.

كېچە ياغقان يامغۇردىن كېيىن،
شۇنداق تۇسكە كىردى كائىنات.
كۆۋەجەيدۇ دىللاردا شادلىق،
ئاھ، نەقەدەر گۈزەل بۇ ھايات!

1990 - يىلى 4 - ئاي.

# ئۇيغۇر قىزى

قاشلىرى قىياقتەك، كۆزلىرى بۇلاق،
لېۋىدە بال تامار، بويلىرى زىبا.
ئىپارنىڭ خۇش ھېدى كېلەر تېنىدىن،
ئانارنىڭ چېھرىدىن ياغار نۇر ـ زىيا.

ناز خۇلقى دىللارنى قىلىدۇ مەپتۇن،
ئەجەبمۇ يېقىملىق ھەر ئېغىز سۆزى.
قەلبى پاك، دىلى تۇز، شەرم ـ ھايالىق،
گۇزەللىك سۇلتانى — ئۇ ئۇيغۇر قىزى.

1990 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

# چىن ھۆرمەتلىك ئىنسان ئۆزىڭىز

«ئا، ب» بىلەن ئاچتىڭىز كۆزنى،
مېھرىڭىزدە ياشاردى يۈرەك.
ئۇستاز بولغاچ بىزگە ئۆزىڭىز،
گۈللىمەكتە دىلدىكى تىلەك.

ئىلھامىڭىز بەردى كۈچ - قۇۋۋەت،
بەيگىلەردە ئۈزۈپ چىقىشتا.
تەلىمىڭىز كۆرسەتتى ئەقىل،
مۈشكۈلاتنى ئاسان قىلىشتا.

شۇڭا ئۇستاز دىلىمدا مېنىڭ،
يادلىنىدۇ تەلىملىرىڭىز.
مېھنىتىدە ئەلنى كۈلدۈرگەن،
چىن ھۆرمەتلىك ئىنسان ئۆزىڭىز.

1990 - يىلى 9 - ئاي.

## سەبىي بالا

ئالتە ياشلىق بىر سەبىي بالا،
ياش تۆكىدۇ يوتقان ئىچىدە.
تاشلاپ قويۇپ ئاتىسى ئۇنى،
هاراق ئىچىپ يۈرەر كېچىدە.

ئانىسىمۇ كەتكەن ئۆيىدىن،
«هاراقكەش» تىن بۇتناپ - يامانلاپ.
تۇن نىسپىدە كېلەر ئاتىسى،
ئىشىكلەرنى تېپىپ - چالۋاقاپ.

ئاتىسىدىن قورقۇپ، ئۇندىمەي،
قورسىقى ئاچ ياتار تولغىنىپ.
ئېلىنىپلا كىرپىكى بەزەن،
«ئانا، نان» دەپ كېتەر ئويغىنىپ.

تاڭ ئاتسىمۇ ئويغانماي يەنە،
خورەك تارتىپ ياتار ئاتىسى.
ياش تۆكىدۇ، ئاھ سەبىي بالا،
يا كەلمەيدۇ ئۇنىڭ ئانىسى.

1996 - يىلى 10 - ئاي،

## نەسىھەت

سوراپ قالسا ناۋادا بىراۋ،
مېنى مەڭگۈ كەلمەيدۇ دېگىن.
«سىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ» دېسە،
مەغرۇر كۈلۈپ پەرۋاسىز يۈرگىن.

گەر تۇغۇلسا بالىمىز ئوغۇل،
«بۇغدا» دەپ قوي ئىسمىنى ئۇنىڭ.
يىغلاپ قالسا «دادام نەدە» دەپ،
راست جايىمنى دەپ بەرمە مېنىڭ.

چىقسا قۇياش ئۇپۇقنى يېرىپ،
ئوغلۇم شۇدەم ئاڭا تېڭىنسۇن.
نورۇز كېلىپ كۈلگەندە زېمىن،
دادام يوق دەپ يىغلاپ يۈرمىسۇن!

1997 ـ يىلى 4 ـ ماي.

## مۇئەللىم

يەلكىسىدىن باسسىمۇ تاغلار،
ۋايىساشلاردىن ئۇ ئىدى يىراق.
مەغرۇر كۈلۈپ، يۈردى پەرۋاسىز،
تۇرمۇش ئۇنى قىلسىمۇ سوراق.

تۇن قوينىدا بەئەينى قۇياش،
نۇر بەرمەكتە ئۇ ياققان چىراغ.
مېۋە بەرسە تىككەن كۆچىتى،
قول سوزمايدۇ، تەمەدىن يىراق.

1997 - يىلى 9 - ئاي.

## دوستۇمغا

بىلسەڭ ئەتە بىر گۈزەل،
ئايمۇ تاتلىق كۈلىدۇ.
«ئەتە» دېگەن بىر سەنەم،
دىلدا ئاتەش كۆيىدۇ.

ئەتە كېلىپ ئاشىقلار،
مەشۇقىنى سۆيىدۇ.
تول ئايالمۇ «ئايەم» دەپ،
ئەتە پاقلان سويىدۇ.

ئاقىل ئادەم ئەتىدىن،
شۇنداق ئۈمىد كۈتىدۇ.
لېكىن دىتسىز ھورۇنلار،
«ئەتە» دەپلا ئۆتىدۇ.

شۇڭا دوستۇم بىز بۈگۈن،
«ئەتە» ئۈچۈن چاپايلى.
ئەجرىمىزدىن ئەل - يۇرتقا،
زەر چاچقۇلار چاچايلى!

1998 - يىلى 1 - ئاي.

# قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل

قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل،
كۆي قاپلىدى غېرىب كۆلبەمنى.
بوسۇغامغا كېلىپ تەڭرىمۇ،
سوۋغا قىلدى بىزگە كۆكلەمنى.

زەڭگەر كۆكتىن چۈشۈپ پەرىشكە،
تەبەسسۇمدا باش ئەگدى قۇياش.
تولۇن ئايمۇ ئېلىپ بوينىغا،
ئاھ، قۇتلۇقلاپ قىلدىغۇ ھاپاش.

چاچقۇ چېچىپ يۇلتۇزلار ئۆيگە،
بەخت تىلەپ قىلىشتى دۇئا.
ھويلامدىكى باراڭدا قۇشلار،
تەڭكەش بولۇپ ئەيلىدى ناۋا.

قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل،
ھايات بىزنى سۆيدى قۇچاقلاپ.
كائىناتنى سېلىپ لەرزىگە،
ھاياجاندا كۈلدۈم قاقاقلاپ.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## تەڭرى شۇنداق ياراتقان ئۇنى

كۇنمۇ خىجىل بولىدۇ كۆرۈپ،
تولۇن ئايدەك ئوماق يۈزىنى.
تاشمۇ كېتەر ئېھتىمال ئېرىپ،
گەر ئاڭلىسا شېرىن سۆزىنى.

كۆكتە يۇلتۇز چىدىماي شۇ دەم،
ئاھ، تولغىنىپ ياش تۆكەر ئەنە.
ئاشىق بولۇپ ئاڭا قىزىلگۈل،
تەبەسسۇمدا باش ئېگەر يەنە.

يىقىلىدۇ، كېتىپ ھوشىدىن،
كۆرۈپ قالسا ژىناس ناۋادا.
ئوتلۇق كۆزى چاچراتسا ئۇچقۇن،
پەر قاقالماس بۈركۈت ھاۋادا.

تەڭرى شۇنداق ياراتقان ئۇنى:
«ئۇيغۇر قىزى» قىلىپ جاھانغا.
«كۆز تەگمىسۇن» قوغدايلى ئۇنى،
يولۇقمىسۇن ھەرگىز يامانغا.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

# دوستۇمغا

گۈزەل ياشلىق باھارىڭدا بۈيۈك مەنزىلگە ئات سالساڭ،
ئىجاد قىلىپ گۈزەل نەزمە ھاياتنىڭ سازىنى چالساڭ،
ياساپ گۈلباغ ھالال تەردە قاقاس تاغدىن ئانار ئالساڭ،
بولۇر سەندىن ئېلىڭ رازى، شىجائەتلىك ئوغۇلكەن دەپ.

سۆيۈپ دىلدىن ئىلىم - پەننى چېلىشلاردا زەپەر قۇچساڭ،
ئۈزۈپ كۆكتىن تولۇن ئاينى، نىگارىڭغا شۇنى تۇتساڭ،
ياساپ سەنمۇ ئۇچار تەخسە پلانېتلار ئارا ئۇچساڭ،
ۋىناس كەلمەمدۇ ئالدىڭغا، پاراسەتلىك ئوغۇلكەن دەپ.

رەقىب كەلسە ئەگەر يۇرتقا، سېپىلىنىڭ ئالدىغا چىقساڭ،
بولۇپ قالقان ۋەتەن - ئەلگە، رەقىبكە زۇلپىقار ئۇرساڭ،
تۆكۈپ قان سەن ئۇرۇش، جەڭدە ئانا يۇرتنى ئامان قىلساڭ،
قۇياش سۆيمەمدۇ قەبرەڭنى، جامائەتلىك ئوغۇلكەن دەپ.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

# قۇياشقا قارا

مۇشكۇلاتقا يولۇقساڭ ئەگەر،
گۇگۇملاردا تېنەپ يۈرمىگىن.
قوغلاپ كېلىپ چاقسىمۇ ھەرە،
«ئاغرىدى» دەپ قاپاق تۈرمىگىن.

چىدىماستىن شۇنچىلىك دەردكە،
كېلەچەكتىن ئۈمىد ئۈزمىگىن.
تېپىلىدۇ مەلھىمى ئاخىر،
قانچە ئېغىر بولسىمۇ يارا.

سازلىقلاردا قويۇپ ئۆزۈڭنى،
شىۋاقلاردىن بەختىڭنى سورا.
چاتقاللىقتا تۇرساڭمۇ ياياق،
كۈلۈپ چىققان قۇياشقا قارا!

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

## تېپىرلايدۇ يۈرىكىم

**1**

ۋىسال قۇچۇپ سۆيۈشتۈق نىگار،
ئۇچرىغاندەك بىزگە تۆت قۇلاق.
كۆكتە قۇياش باققاندا كۈلۈپ،
سۆيگۈمىزدىن ئوقچۇدى بۇلاق.

قىسىپ قويسام چېكەڭگە گۈلنى،
كەڭ ۋادىنى قاپلىدى پۇراق.
ھاردۇق يېتىپ قالمايتتى ئەجەب،
سەپىرىمىز بولسىمۇ ئۇزاق.

ئازدۇردىمۇ شەيتان ئاخىرى،
بەخت بىزگە ئاچقاندا قۇچاق؟
قىسمەت شۇنداق كەلدىمۇ تەتۈر،
ئاھ، بېشىمدا ساناقسىز ئوچاق.

**2**

ئايرىلغاندا يارىم سېنىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى پىراق.
پىلىكى ھەم يېغى بولسىمۇ،
ئوت ياقسامۇ كۆيمىدى چىراغ.

يېقىنلاشماي ئوتتۇزغا تېخى،
كۆزلىرىمنى باستىغۇ چاپاق.
كاۋا تىكسەم هويلامغا، ئەجەب —
كۇز بولغاندا چۇشتىغۇ قاپاق.

تاپالماستىن ئۆزۈمنى بۇگۈن،
چىغىر يولدا قالدىمغۇ ياياق.
تېپىرلايدۇ هالسىز يۈرىكىم،
ئاھ، بىلسىڭىز هالىم بەك چاتاق.

3

تەلمۈرگەندەك بوۋاق ئانىغا،
قۇياش بىلىپ تېۋىنسام ساڭا.
ئۆچۈپ قالغان كارۋان ئوتىدەك،
هارارەتمۇ بەرمىدىڭ ماڭا.

ئاي شارىغا بارغان كىشىمۇ،
ئۇزاق تۇرماي كېلەركەن يېنىپ.
سۆيگۈمىزنى ئوراپ كېپەنگە،
سەن مېنىڭدىن كەتتىڭمۇ تېنىپ؟

1998 - يىلى 1 - ئاي.

# مۇبارەك ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ

مۇبارەك ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
پارلىسۇن چېھرىڭدە قۇياش جىلۋىسى.
چولپانغا تەبەسسۇم قىلساڭ ناۋادا،
قاپلىسۇن زېمىننى بەخت كۆلكىسى.

مۇبارەك ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
«كەل» دېسەڭ، تولۇن ئاي كەلسۇن قېشىڭغا.
ئاڭلانسا چاقىرغان ئاۋازىڭ، شۇ دەم —
باغدىكى قۇشلارمۇ قونسۇن بېشىڭغا.

مۇبارەك ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
سىلىغاي بېشىڭنى خىزىر بوۋامۇ.
ئاجايىپ شادلىققا ئوراپ جاھاننى،
گۈل تۇتۇپ كېلىدۇ ئاق چاچ موماممۇ.

مۇبارەك ئەي قىزىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
ھىلال ئاي تاڭ قالسۇن سېنى بىر كۆرۈپ.
پاك گۈلسەن، يۇقتۇرماي خىسلىتىڭگە چاڭ،
ياشىغىن چىن ھايات پەيزىنى سۈرۈپ.

1998 - يىلى 1 - ئاي.

## ئوتۇنچى

كونا هارۋا، قېرى ئېشەككە،
ئۈمىدىنى باغلىغان بوۋاي.
بارخانلارنى قويۇپ ئارقىدا،
جاڭگال تامان ماڭىدۇ هارماي.

ئوتۇن كولاپ چولاق كەتمەندە،
قاقشاللارنى ئالىدۇ تېرىپ.
قاتتىق زاغرا بېرىدۇ قۇۋۋەت،
ماجالىدىن كەتكەندە ھېرىپ.

«ئامەت» ئاڭا باقمايدۇ ئەجەب،
قوللىرىمۇ كەتسە قاپىرىپ.
قىرىق سومغا يارىماس بىراق،
بىر تال قويماي ساتسا ئاپىرىپ.

تەڭلىككە يەتمىگەچ پۇلى،
ماڭار يەنە ئوتۇنغا بوۋاي.
ھۆل شاخ قالاپ ئۆيىدە تەنها،
دۇئا قىلىپ قالىدۇ موماي.

1996 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## سەھرادىكى ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا

ئۆرنەك قىلىپ دانكونى دوستۇم،
يۈرىكىڭنى ئالغىن قولۇڭغا.
نادانلارنىڭ ئېچىپ كۆزىنى،
ئاتا قىلغىن ئاڭا يورۇقلۇق.
«ساراڭ» دېسە مەيلى باشقىلار،
قارىمىغىن ئوڭ ۋە سولۇڭغا.

پادا بېقىپ يۈرگەن بالىنىڭ،
كۆزلىرىنى باسمىسۇن چاپاق.
قىڭغىر كەتكەن چىغىر يوللاردا،
ياياق يۈرۈش ئەمەسمۇ قىيىن؟
قالسا ئەگەر ئادىشىپ يولدىن،
تاپالايدۇ ئۆيىنى قانداق؟

خۇراپاتلىق يوقالسۇن، ئوت ئاچ!
كۈلۈپ يۈرسۇن ئاشۇ موماي.
مەرىپەتكە موھتاج بۇ ھايات،
توپا - چاڭغا مىلىنىپ ياتماي.
نەزەر سالسۇن كەڭرى جاھانغا،
«شۈكرى» دەپلا يۈرگەن بوۋايلار.

ئاشۇ خىلۋەت سەھرا قوينىدا،
نېسىپ بوپتۇ بىر ئۆمۈر ياشاش.
ھايات بېغىڭ ئورالسۇن گۈلگە،
قۇتقۇزۇپ قوي نادان مىللەتنى.
ئۇپۇق تامان ئىنتىلسۇن ئۇلار،
بۇ يۇرتتىمۇ پارلىسۇن قۇياش!

1999 - يىلى 8 - ئاي.

## سۆيگۈگە لىق تولسۇن بۇ كەڭرى جاھان

بىر گۈزەل ئارماندا تاشلانغان قەدەم،
مەنزىلگە ئۇلىشىپ چاچقاندا پۇراق.
نىگارنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە شۇ دەم،
ئون مىڭ يول بىز ئۇچۇن تۇيۇلماس يىراق.

ھەممىنى ئۇنتۇپلا بولىمىز خۇشال،
«ئىڭگە» دەپ دۇنياغا كۆز ئاچسا بوۋاق.
ئوكياندىن ئۆتۈشكە تاپىمىز ئامال،
قوغلىسا بىر قاتىل كۆتۈرۈپ پىچاق.

ھاتەمنى ئۇلگە قىپ كۈتىمىز ھامان،
مېھماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ تاۋاق.
سۆيگۈگە لىق تولسا بۇ كەڭرى جاھان،
كېرەك يوق كىيىمگە چۈشىسمۇ ياماق.

1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## سىڭلىمغا

بەخت ياغدۇر ئەلنىڭ بېشىغا،
بىر دەقىقە كەتمىسۇن زايە.
قارىچۇقۇڭدا كۆكلىسۇن زېمىن،
ئالقىنىڭدا ئېچىلسۇن لالە.

زىنىقىڭدا تۇنىگەن يۇلتۇز،
كرىستالدەك تۇرسۇن پارقىراپ.
نىلۇپەردەك ئېچىلساڭ كۇلۇپ،
ئۆلۈك دېڭىز ئاقسۇن شارقىراپ.

تىنىقىڭدا رەڭلەنسە ئۇپۇق،
قۇياش تەزىم قىلسۇن ئالدىراپ.
سۆيگۇ نۇرى ئاشۇ چېھرىڭدە،
جۇلالانسۇن مەڭگۇ يالتىراپ.

1999 - يىلى 2 - ئاي.

## «دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
ھىلال ئاي ئۆيۈمگە كەلدى پەتىلەپ.
شادلىققا تويۇنغاچ تەبىئەت دىلى،
شوخ سابا يۈزۈمگە سۆيدى ئەركىلەپ.

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
قوش قوللاپ چاي تۇتتى خىزىر بوۋايمۇ.
ئۆزگىچە پارلىدى ئۇپۇقتا قۇياش،
ھاسىنى تاشلىدى ئاق چاچ مومايمۇ.

«دادا» دەپ چىققاندا قىزىمنىڭ تىلى،
ھويلامغا ئەتىرگۈل ئۈندى لىققىدە.
بۇرناكۇن كۆز ئاچقان ئەتىسىز باچكاممۇ،
كۆك تامان پەر قېقىپ ئۇچتى لىككىدە.

1999 - يىلى 3 - ئاي.

## سەن كۆلسەڭ قۇياشمۇ كۆلىدۇ بىرگە

قۇياشنى تۇغقانمۇ ئەسلىدە ئۆزۈڭ،
سەن كۆلسەڭ قۇياشمۇ كۆلىدۇ بىرگە.
گەر كۆلسەڭ تۈن قوينى يورۇپ ۋاللىدە،
يۇلتۇزلار تەزىم قىپ ئىگىلەر سىزگە.
لوقمانىنىڭ مەلھىمى سىنىڭ كۆلكەڭمۇ،
بىر كۆلكەڭ ـ بىر ئامەت ئېپ كېلەر بىزگە.

ئاڭلىسا كۆلكەڭنى تاپىدۇ تەسكىن،
بەزلىسە توختىماي يىغلىغان بوۋاق.
ئون قۇياش تەپتى بار كۆلكەڭدە ئانا،
كۆلۈپ تۇر كۆلكەڭدىن بولمايلى يىراق.
سەن كۆلسەڭ جاھانمۇ كۆلىدۇ بىرگە،
چۈنكى سەن جاھانغا يېقىلغان چىراق.

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## سەن شۇنداق ياشىغىن

سەن شۇنداق ياشىغىن قۇياش تاڭ قالسۇن،
تىنىقىڭ جاھانغا بەرسۇن ھارارەت.
كۆلچەكتە پىلتىڭلاپ ئۈزسۇن بېلىقلار،
دېكابىر ئېيىدا كۆلسۇن تەبىئەت.

ئاي بولۇپ كېچىنى يورۇتقىن ئۆزۈڭ،
يۇلتۇزلار قولۇڭغا قونسۇن ئەركىلەپ.
باشقىلار بىر كۆرۈپ داغسىز چېھرىڭنى،
تەزىم قىپ ئېگىلسۇن شۇئان تەمتىرەپ.

قەدىمىڭ يەتسە گەر چەكسىز ئورمانغا،
قۇشلارمۇ سايرىشىپ ئەيلىسۇن ناۋا.
«يىگىتكەن» دەپ بىلىپ تەگرىمۇ سېنى،
قۇتلۇقلاپ بېلىڭگە باغلىسۇن تاۋار.

1999 - يىلى 4 - ئاي.

## ئامرىقىم سەن كېتىپ قالغاندىن بېرى

مەڭسىتمەي پەرۋاسىز يۈرىدۇ ئەنە،
روھىمدىن مەڭگۈلۈك ياتلاشقان دۇنيا.
ئۆھسىنىش ئىچىدە سۇرىمەن خىيال،
ئەقىدەم بوغۇلۇپ قالغاندەك گويا.

ھېچ سەزمەس تەنلىرىم ئىسسىق - سوغۇقنى،
غۇرۇرۇم «ئەركەك» دەپ سالمايدۇ چۇقان.
خۇشاللىق نېمە ئۇ، بىلىنمەس ئەجەب،
مەن پۈتكۈل جاھانغا بولساممۇ خاقان.

ئاڭلانسا بىر تىۋىش شۇركۇنۇپ شۇ دەم،
توشقاندەك ئارقامغا قاچىمەن نېرى.
سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش مەنىسىز ماڭا،
ئامرىقىم سەن كېتىپ قالغاندىن بېرى.

2000 - يىلى 2 - ئاي.

## بىر كەنتكە تېز سىزما

توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن كەنت،
بارچە ئادەم ياتار ئۇيقۇدا.
قاۋىمايدۇ ئىتلارمۇ بۇ دەم،
يا ئولجىسى بارمۇ يېنىدا.

مەرىمەيدۇ قوتاندا قويلار،
قورساقلىرى توقمىدۇ ئۇنىڭ.
توختىمايدۇ بىراق شىۋىرغان،
تۇرار جايى يوقمىدۇ ئۇنىڭ.

چاشقان قوغلاپ يۈرگەن مۈشۈكمۇ،
جىمىپ قالغان بۇگۈن كېچىدە.
يۈرىكىنى قۇچاقلاپ پەقەت،
كەنت تۇرار تەشۋىش ئىچىدە.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

## ۋىسال تاپقاچ سەرسان سۆيگۈلەر

قاناتلانغان تۇيغۇلار بۇدەم،
مىسكىن روھنى قىلمايدۇ ھاپاش.
بەلكىم ئەمدى كۆرۈنمەس زىنھار،
يېتىمسىرەپ، يىغلاڭغۇ ياشاش.

ھارغىن ھېسنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
ئۇپۇق يېرىپ پارلىغان قۇياش.
ۋىسال تاپقاچ سەرسان سۆيگۈلەر،
ئىقبال كۈلۈپ قىلماقتا باغاچ.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## بالا باقۇچى قىزغا

«بالىخۇمار» ئىدىڭمۇ ئەسلى،
بالا تۇرۇپ، بالا باقۇدەك؟
قانداق قىسمەت كەلدى بېشىڭغا،
ئۆيۈڭ يوقمۇ ياكى ياتقۇدەك؟

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## ياشاش باقىي ئەمەس بەندىگە

ئۆلۈم پۇراپ تۇرسىمۇ ماڭا،
باش قويمىدىم يىغلاپ تەڭرىگە.
ئەزرائىلدىن قورقۇش نە ھاجەت،
ياشاش باقىي ئەمەس بەندىگە.

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## ۋەتەن

ئاسمانغا چىققىن دەپ چىلىلىسا ئەيسا،
«ۋۇجۇدۇم ئۆلدى» دەپ بېرىمەن جاۋاب.
جەننەتنىڭ ھۆزۈرى نەكېرەك ماڭا،
ئانا يەر باغرىڭنى قىلمىسام تاۋاپ.

1997 - يىلى 1 - ئاي.

# ئانامغا

قاداق باسقان ئاشۇ قولۇڭنى،
يۈرىكىمدە يۇمشىتاي ئانا.
ماڭغان يولۇڭ توپىسىن ئېلىپ،
كۆزلىرىمگە سۈرتىمەن يەنە.

ئالقىنىمدا پەپىلەپ سېنى،
نەۋرەڭ بىلەن ئوينىتاي ئانا.
باراي دېسەڭ مەككىگە بۈگۈن،
ئاھ بېشىمدا كۆتۈرەي مانا.

مۇڭ قاپلىغان سولغۇن چېھرىڭنى،
قۇياش بولۇپ كۈلدۈرەي ئانا.
شۈكقار كەبى يېتىلدى ئوغلۇڭ،
سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك سانا.

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## تۇغار ئىكەن سەنەمنى سەھرا

پەرىلەردەك سەھرا قىزلىرى،
ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى.
سەھەردىكى مەيىن شامالدا،
يەلپۈنىدۇ تال - تال چاچلىرى.

ئاڭلىنىدۇ قۇلاققا شۇنداق،
بالدىن شېرىن، سىلىق سۆزلىرى.
يۈرىكىنى ئوۋلاپ كىشىنىڭ،
جاننى ئالار ئاھۇ كۆزلىرى.

ۋىناس نېمە، كۆرسىڭىز ئەگەر —
تولۇن ئايدەك ئۈنىڭ يۈزلىرى.
تۇغار ئىكەن سەنەمنى سەھرا،
ئۈيەردىكەن قىزنىڭ ئۆزلىرى.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## چىن سۆيگۈنى قەدىرلەيلى

سۆيگۈ بىلەن تۇغۇلۇپ بىز دۇنياغا،
سۆيگۈ بىلەن ئەقىل تېپىپ يېتىلدۇق.
سۆيگۈ بىلەن تونۇشۇپ بىز ئۆزئارا،
سۆيگۈ بىلەن زەنجىرسىمان چېتىلدۇق.

سۆيگۈ مېھرى ھەر تومۇرغا سىڭگەچكە،
توختىماستىن سوقۇپ تۇردى يۈرەكلەر.
سۆيگۈ بەرگەچ بىزگە پۈتمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت،
گۈللىمەكتە دىلدا ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

شۇڭا دەيمەن سۆيگۈ ئۇلۇغ جاھاندا،
ئۇنىڭ بىلەن ياشىرىدۇ قەلبىمىز.
ئالداش بىلەن سۆيگۈ ساغلام بولمىغاي،
چىن سۆيگۈنى قەدىرلەيلى ھەممىمىز.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

## شائىر

ئاۋازىڭدىن ئويغاندى قۇياش،
تىنىقىڭدىن تۇغۇلدى باھار.
نىگاھىڭدا جۇغلاندى ئۇپۇق،
لىرىكاڭدا يۇيۇندى ئىپار.

قۇزغۇنلاردىن ئۈركۈگەن تورغاي،
يۈرىكىڭدە ياسىدى ئۇۋا.
مۈگدەپ قالسا كېچە ھىلال ئاي،
سەن تاراتتىڭ زېمىنغا جۇلا.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## دېھقانغا

كەتمىنىڭنى تۇتقانمۇ خىزىر،
ئالقىنىڭغا سۆيگەنمۇ پەرى.
ئېتىزىڭغا چاچقۇلار چېچىپ،
ئاي - يۇلتۇزلار كېتەلمەس نېرى.

ساڭا شۇنداق ئامراقمۇ خۇدا،
ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە، دادا!
يۈرىكىنى تەقدىم قىلىشنى
ئۆگەنگەنمۇ قۇياش سېنىڭدىن.
ئاتىسىمۇ ھەتتا قۇشلارنىڭ
كېتەلمەيدۇ ئەگىپ يېنىڭدىن.
ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە، دادا!

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## يۇرتۇمدا سەھەر

ئۆپۆقنىڭ گىرۋىكى رەڭلەنسە قىپقىزىل،
يۇرەككە ئوخشايدۇ ئوقچۇغان بۇلاق.
شەبنەمدە يۇيۇنۇپ دېھقان قىزىدەك،
ئاھ، كۈلۈپ تۇرىدۇ سانسىز تۆت قۇلاق.

خۇش پۇراق تارىتىپ يولدا جىگدىلەر،
دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ تاتلىق.
باغلاردا توختىماي سايرىشار قۇشلار،
يار بىزگە ئاشۇنداق مەڭگۈلۈك شادلىق.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## گۈل قىسسىپ چېكەڭگە كەلسەڭ، ئامرىقىم

گۈل قىسسىپ چېكەڭگە كەلسەڭ، ئامرىقىم،
ئۈپۈقنىڭ لېۋىدە جىلمىيىپ قۇياش —
قاقاقلاپ كۈلىدۇ تارىمغا قاراپ.
دېكابىر ئېيىدا ئالدىراپ كېلىپ،
باھارمۇ چېچىڭنى قويىدۇ تاراپ.

گۈل قىسسىپ چېكەڭگە كەلسەڭ ئامرىقىم،
بوۋاقنىڭ مەڭزىگە سۆيگەندەك ئانا —
ئەرشتىن زېمىنغا تۆكۈلەر مېھىر.
ئارمانلار قوينىدىن يۇلقۇنۇپ شۇدەم،
تاڭلارغا ياندىشىپ تۇغۇلار شېئىر.

1999 - يىلى 5 - ئاي.

## «ئىلاھە» دەپ مەن سىنى قىلىمەن تاۋاپ

شۆ ئۆستەڭ بويىدا چىچىڭنى تاراپ،
يۆرەكنى ئوۋلىدىڭ بىر سىرلىق قاراپ.

كەلمىدىڭ، قايرىلىپ كەتكەندىن بىرى،
كەيپ بوپ يۆرىمەن ئىچكەندەك شاراب.

قوش مۆشتەك يۆرىكىم قالدى گۆلىدەك،
يۆلغۆننىڭ ئوتىدا قىلغاندەك كاۋاپ.

ساراڭدەك يۆرمەكتە بىلسەڭ ئاشىقىڭ،
«نۆزۆگۆم» دەپ سىنى چالىمەن راۋاب.

بىغىڭغا ئارتىلىپ چۆشىمەن يەنە —
بۆرىدەك شۆ ئىتىڭ كەتسىمۆ تالاپ.

ئۆخلاتماي مەن سىنى قىلىمەن بىزار،
ئالدىمغا بىر چىقىپ بەرمىسەڭ جاۋاب.

گەر چىقساڭ چىچىڭنى پۆرايمەن ئۆزاق،
بىزەڭ ئاي كۆز ئۆزمەي تۆرسىمۆ ماراپ.

«بەختلىك ئوغۇل» دەپ ئالىمەن نەپەس،
تىنىقلىق قېنىمغا قوشۇلسا تاراپ.

غىڭشىساڭ شامالنى قوغلاپ ئارىدىن،
لېۋىڭدىن بىر قەدەھ ئىچىمەن شاراب.

خىزىرنى ھەيرەتتە قويۇپ ئاخىرى،
«ئىلاھە» دەپ مەن سېنى قىلىمەن تاۋاپ.

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

# ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر

ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر،
ئاھ، يىراقتىن سېغىنىپ سېنى.
پەيلىرىمنى سىلاپ ئاشۇ چاغ،
قوندۇرامسەن قولۇڭغا مېنى.

ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر،
كۈلۈمسىرەپ باقامسەن قىيا.
ئايۋىنىڭدا قوندۇرۇپ ئاينى،
باشلىرىمغا چاچامسەن زىيا.

ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر،
يۈرىكىڭدە بارمىدۇ ئۇۋا.
تىلەپ ماڭا خۇشاللىق نۇسرەت،
بەختىم ئۇچۈن قىلامسەن دۇئا؟!

ئۇچۇپ بارسام يېنىڭغا ئەگەر،
قۇش تىلىدا سۆزلىگىن ئېنىق.
قۇياش شاخلاپ، ئانا تەبىئەت،
لىرىكىغا تويۇنسۇن قېنىق.

1999 - يىلى 6 - ئاي.

# يېتىپ كەلسە سېنتەبىر

يېتىپ كەلسە سېنتەبىر كەچمىشلەرنى ئەسلىتىپ،
«دوستلۇق» تىكى بېكەتتە مېنى ساقلاپ تۇردۇڭمۇ؟
ياكى ئېچىپ ئالبومنى بىز ئولتۇرغان چىملىقتا،
ئەسلەپ ئۆتكەن چاغلارنى تاتلىق خىيال سۈردۇڭمۇ؟

يېتىپ كەلسە سېنتەبىر كەچمىشلەرنى ئەسلىتىپ،
ئايلىنامسەن يۇلتۇزغا، يىراقلارغا كۆز تىكىپ.
ساقلاندىمۇ، يالغانمۇ خاتىرەڭدە ئاشۇ ئاي،
ئولتۇرامسەن ۋە ياكى قول ياغلىققا گۈل چېكىپ.

يېتىپ كەلسە سېنتەبىر كەچمىشلەرنى ئەسلىتىپ،
جەنۇبتىكى تاغلارغا نەزىرىڭنى تاشلىغىن.
مەڭگۈ سادىق سۆيگۈگە سەھرا - تاغدا ئۆسكەنلەر،
دىل خانەڭگە مېھمان قىپ لىرىكامنى باشلىغىن.

1998 - يىلى 5 - ئاي.

## تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر

تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر،
قۇياشنىڭ قايتىدىن پارلىشى ئېنىق.
قۇتلۇقلاپ ھەتتاكى خىزىرمۇ مېنى،
چاي دەملەپ كېلىدۇ شۇنچىلىك قېنىق.

تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر،
ئاينىڭمۇ ئۆيۈمگە كېلىشى ئېنىق.
بوۋاممۇ، موماممۇ سالىدۇ ساما،
ئاۋغۇستنىڭ كېچىسى بولسىمۇ دىمىق.

تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر،
قۇشلارنىڭ قولۇمغا قونۇشى ئېنىق.
نىگارنىڭ چېھرىدە ئويناپ تەبەسسۇم،
قوش قوللاپ گۈلدەستە سۇنۇشى ئېنىق.

تۆكۈلسە بېشىمغا يۇلتۇزلار ئەگەر،
تارىمنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى ئېنىق.
ئىبلىسلار يۈرىكى چىرىپ ھەسرەتتە،
جاھاندىن ۋاقىتسىز كېتىشى ئېنىق.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

# ياخشىلىقنى قىلىۋال

تۇغۇلدۇڭمۇ ئەل - يۇرتىنىڭ پىراقىدا ياشىساڭ،
چېچەكلەيدۇ چېھرىڭدە قۇياش سۆيگەن ئارمانلار.
ئۇۋغا چىقىپ كېيىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئاتمىساڭ،
چاۋاك چېلىپ بىر ئۆمۈر غەزەل ئوقار ئورمانلار.

ئون تال داننى ئايىماي چېچىپ بەرسەڭ قۇشلارغا،
ناخشا ئېيتساڭ چۆللەردە جور بولىدۇ كۇيۇڭگە.
سائىل كەلسە نان تىلەپ قاپىقىڭنى تۈرمىسەڭ،
ئاي، يۇلتۇزمۇ خۇش بولۇپ چاچقۇ چاچار ئۆيۈڭگە.

يىقىلغاننى يۆلىسەڭ خىزىر چۈشۈپ ئەرشتىن،
بەخت تىلەپ سەن ئۈچۈن دۇئا قىلار تەڭرىگە.
كەلسە ئەگەر قولۇڭدىن ياخشىلىقنى قىلىۋال،
هايات دېگەن مەڭگۈلۈك ئەمەس هەرگىز بەندىگە.

2000 - يىلى 4 - ئاي.

## ئاي بالدۇرلا تۇنگەن كېچە

ئاي بالدۇرلا تۇنگەن كېچە،
خىيالىمدىن كەتمىدىڭ كۆچۈپ.
شامال كىرىپ تۇرسىمۇ ئۆيگە،
كىرسىن چىراغ قالمىدى ئۆچۈپ.

ئاي بالدۇرلا تۇنگەن كېچە،
كەچمىشلەرنى ئەيلىدىم ھاپاش.
سۆيگۈسىرەپ غېرىب كۆلبەممۇ،
يۈرىكىمدە تۇغۇلدى قۇياش.

ئاي بالدۇرلار تۇنگەن كېچە،
سۇرىتىڭگە تىكىلدىم ئۇزاق.
پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ تەنھا،
يېزىپ چىقتىم ئاتەشلىك قوشاق.

ئاي بالدۇرلا تۇنگەن كېچە،
خىيالىمنى ئوۋلىدىڭ تىنماي.
ئارمىنىمدەك ئاسمان سەتھىدە،
چېچەكلىدى يۇلتۇز توختىماي.

1999 - يىلى 1 - ئاي.

## بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر

بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر،
يۈرىكىمنى ئۆز قولۇم بىلەن،
سوۋغا قىلىپ تۇتاتتىم ساڭا.
ئەتىرگۈلدەك ئېچىلساڭ شۇ چاغ،
بەخت قۇشى قوناتتى ماڭا.

بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر،
يۇلتۇزلارنى چىللاپ ئەرشتىن.
ۋىسالىڭنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن،
چېچەكلىتىپ ئۇلارنى راسا،
مارجان قىلىپ ئاساتتىم پۈتۈن!

بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر،
كۆكلەپ يەنە قېرى توغراقلار.
تۆت قۇلاقفا تويۇنار باغلار،
ئۆۋۋا سالسا قۇشلار يۈرەككە،
چاۋاك چېلىپ قۇتلايدۇ تاغلار.

بولۇپ قالسا تويىمىز ئەگەر،
تارتىنۋېلىپ قۇياشتىن نىگار،
تويلۇقىڭغا ئالاتتىم ئاينى.

سۆيگۈ ئۈچۈن يېزىپ كۈنۈتۈن،
لىرىكامغا كۆمەتتىم ساينى.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## جىلغۇە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە

جىلغۇە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە،
تۇغۇلىدۇ يەنە بىر قۇياش.
قارا قۇرۇم چايقىلىپ ئاستا،
ئاي شارىنى قىلىدۇ ھاپاش.

جىلغۇە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە،
دېرىزەڭدە ئوينايدۇ باھار.
ئۇۋىسىدىن چىقىپ قۇشلارمۇ،
سۆيگۈسىنى قىلىدۇ ئىزھار.

جىلغۇە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە،
بىخلىنىدۇ سانسىز تۆت قۇلاق.
ئالقىنىدا تۇنىسە يۇلتۇز،
سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدۇ بۇلاق.

جىلغۇە قىلسا چېھرىڭدە كۈلكە،
كائىناتقا تارايدۇ شادلىق.
چاچلىرىڭنى سۆيۈپ تولۇن ئاي،
غەزەل ئوقۇپ بېرىدۇ تاتلىق.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## لەۋلىرىڭدىن تۆكۈلەر شېئىر

سەن باھارنى تۇغقانمۇ ياكى،
باھار سەندىن ئالدىمۇ ئەنداز.
بارخانلارغا تاشلىساڭ قەدەم،
تاپىنىڭدا كۆكلەر پايانداز.

بىر تىكىلىپ قارىساڭ ئەگەر،
قۇياش شۇئان كېتىدۇ ئېرىپ.
تىنىقىڭدا سانسىز نېلۇپەر،
بىخلىنىدۇ مۇزلارنى يېرىپ.

ئاۋازىڭدىن ئويغىنىپ نىگار،
ھەسەن - ھۈسەن چىقىدۇ كۈلۈپ.
كېتەلمەستىن يېنىڭدىن شامال،
چاچلىرىڭنى ئوينايدۇ سۆيۈپ.

ئالقىنىڭدا پارلىسا بەخت،
لەۋلىرىڭدىن تۆكۈلەر شېئىر.
باھار بىلەن چولپاننى تۇغقان،
سەن زېمىنغا تۆرەلگەن خىزىر.

1999 - يىلى 12 - ئاي.

# خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار

خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار،
كېچە ماڭا تۇيۇلدى كۈندۈز.
دېرىزەمدىن جىلمىيىپ كىرىپ،
گىرە سالدى بوينۇمغا يۇلتۇز.

خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار،
«چىم بۇلاق» قا تويۇندى ئۆيۈم.
قۇتلۇقلىدى پەرىشتىلەرمۇ،
ئاي شارىدا بولغاندەك تويۇم.

خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار،
يۈرىكىمدە كۆكلىدى زېمىن.
دېكابىردا تاتلىق ۋىلىقلاپ،
باغلىرىمدا ئېچىلدى سېرىن.

خەتلىرىڭنى ئوقۇسام، نىگار،
بۆلەكچىلا پارلىدى قۇياش.
نۇر قوينىدا تۇغۇلغان سۆيگۈ،
ئۇپۇق بىلەن تۇتاشتۇر - تۇتاش.

2000 - يىلى 1 - ئاي.

## چۈشەنسەڭ نىگار

بەختنى مېنىڭدەك چۈشەنسەڭ، نىگار،
تۇمانلىق كېچىدە يۇرمە تەمتىرەپ.
كەلسە گەر چىل بۆرە ئېتىلغىن ئاڭا،
هايات ئۇ بىر چاقماق كەتمە ئەنسىرەپ.

بەختنى مېنىڭدەك چۈشەنسەڭ، نىگار،
تىكەنگە دەسسىسەڭ قىلمىغىن نالە.
گۈگۈمنىڭ كۆزىگە چېچىل يۇلتۇزدەك،
ئىستىكىڭ چۆللەرگە تاشلىسۇن سايە.

بەختنى مېنىڭدەك چۈشەنسەڭ، نىگار،
دېكابىر ئېيىدا يۈرمە توڭۇلۇپ.
كاككۇكنىڭ ئۈنىنى سېغىنساڭ ئەگەر،
باهارنىڭ ئالدىغا چىققىن يۈگۈرۈپ.

بەختنى مېنىڭدەك چۈشەنسەڭ، نىگار،
بەخت شۇ ئەل ئۈچۈن شام بولۇپ ياشاش.
زېمىننى قاپلىسۇن نىلۇپەر گۈلى،
مۇز تاغنىڭ ئۈستىگە سىزىپ قوي قۇياش.

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## نورۇز تەبرى

نورۇز ئۇ — ئانىدىن تۇغۇلغان بوۋاق،
نورۇز ئۇ — يۈرەكتە ئوقچۇغان بۇلاق.
ئۈزۈلمەس بىر كۈينى ياڭرىتىپ تاڭدا،
نورۇز ئۇ — يار بىلەن تاپقان تۆت قۇلاق.

نورۇز ئۇ — ياپلاقتا تاقىلغان كېپىك،
نورۇز ئۇ — ئورماندا ياڭرىغان «ئۇشاق» .
كېچىسى يۇلتۇزدەك كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ،
نورۇز ئۇ — نۇزۇگۇم توۋلىغان قوشاق.

نورۇز ئۇ — ئىنسانغا يولۇققان خىزىر،
نورۇز ئۇ — قۇياشتىن تۆكۈلگەن مېھىر.
ئەل ئۈچۈن ئۇيقۇدىن بىدار شائىرنىڭ،
نورۇز ئۇ — قان بىلەن يېزىلغان شېئىر!

2000 - يىلى 3 - ئاي.

## باھار سۆيگۈسى

ئېقىپ ئەگىز، كۆلگەندە زېمىن،
سۆيۈپ قويدى مەڭزىمگە شامال.
ناخشا ئېيتىپ باغلاردا قۇشلار،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىدى قامال.
باھار كۈتۈپ ياتقان نىگارىم،
نۇر ياغدۇرۇپ كۆرسەتتى جامال.

يۈرىكىمدە بىخلانغان سۆيگۈ،
دەريا كەبى ياسىدى قىيان.
مەن باھاردا تاپقاچقا ۋىسال،
«باھار» دەپلا سالىمەن چۇقان.
تومۇرۇمدا باھار سۆيگۈسى،
مەن باھارنىڭ ئاشىقى ھامان.

2000 - يىلى 3 - ئاي.

## كېلىپ قالساڭ سەھراغا ئەگەر

ئەھدىمىزنى تۇتۇپ ئېسىڭدە،
كېلىپ قالساڭ سەھراغا، نىگار.
يۇلتۇزلارمۇ چۇشۇپ ئەرشتىن،
سۆيگۇسىنى قىلىدۇ ئىزھار.

خىزىر سۇپەت ئىشچان بوۋايلار،
بەختىڭ ئۇچۇن قىلىدۇ دۇئا.
تېرىسىنى سويۇپ يولۋاسمۇ،
سېنىڭ ئۇچۇن تىكىدۇ جۇۋا.

توپا چىراي سەبىي بالىلار،
ئوماق تاقلاپ بېرىدۇ ساڭا.
ئالقىنىڭدا تۇنەيدۇ تورغاي،
ئۇۋا راسلاپ بەرگەندەك ئاڭا.

چامغۇر سېلىپ ئەتكەن ئۇگرىدە،
هاردۇقۇڭمۇ قالىدۇ چىقىپ.
چاچلىرىڭنى قويىدۇ تاراپ،
ئاق چاچ موماي مەڭزىنى يېقىپ.

بېدىلىككە بېرىپ باشقىدىن،

كەچمىشلەرنى ئەسلىسەڭ يەنە.
بىز تونۇشقان چېغىر يول بىلەن،
قۇياش كۈلۈپ كېلىدۇ ئەنە.

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

## كۆرۈشكەندە سەن بىلەن

كۆرۈشكەندە، يارىم، سەن بىلەن،
باشلىرىمغا چېچىلدى زىيا.
دېكابىردا باھار ئىشىكى،
كۈلۈمسىرەپ ئېچىلدى قىيا.

لىرىكامدا يۈيۈنۈپ بەلەن،
يۈرىكىمدە تۈنىدى قۇياش.
تومۇرۇمدا چېچەكلەپ بەخت،
خىزىر بىلەن بولدۇڭغۇ ئاداش.

پەرىزاتقا ئايلىنىپ دۇنيا،
ئاق قۇ بولۇپ كۆرۈندى ئۆيۈم.
ۋۇجۇدۇمدا شاخلاپ مۇزىكا،
يەر شارىغا تارالدى كۈيۈم.

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

# جاڭگال لىرىكىسى

ھۆكۈم سۈرسە جىمجىتلىق بۇ قەدىمىي جاڭگالدا،
ئېغىر تىنىپ ياتىدۇ سۆيگۈ چۈشەپ بارخانلار.
كونا ھارۋا غىچىرلار قاش قارايغان چاغدىمۇ،
ئېشىكىنى قامچىلار ئوتۇن ئېلىپ يانغانلار.

شامال چىقسا شادلىنىپ ئۈسسۈل ئوينار قومۇشلار،
ھاياتىدا نىجادلىق يۇلتۇزىنى تاپقاندەك.
كۆمۈلمەيدۇ ئىزلىرى پەقەت بىرلا بوۋاينىڭ،
تەقدىرىنى سۆكسۆككە مەڭگۈلۈككە چاتقاندەك.

تۆكۈلگەندە توغراقنىڭ ياپراقلىرى شاراقلاپ،
توشقان بەدەر قاچىدۇ ئوۋچى كېلىپ قالغاندەك.
باھار بىلەن يۇلغۇنلار چېچەكلىسە باشقىدىن،
سايرىشىدۇ تورغايلار نەيلىرىنى چالغاندەك.

ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان ئۈمىد كۆلگەن يوللاردا،
ئاشۇ بوۋاي پات ـ پاتلا قالار يەنە قۇيۇندا.
زارلانماستىن بارخانلار سۆيگۈ چۈشەپ ياتىدۇ،
داۋاملىشار ھاياتلىق ئەنە شۇنداق يوسۇندا.

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## بەخت تۇرسۇن چېچەكلەپ

بىز چۈشەيلى ئۇسسۇلغا «چىم بۇلاق» نى چالغۇدەك،
پەرىزاتتەك ياسانغىن ئاينى ئېلىپ قولۇڭغا.
نۇر چاچايلى زېمىنغا قۇياش قاراپ قالغۇدەك،
بولۇپ قالدۇق تەقدىرداش، كەلگىن، نىگار،
يېنىمغا.

ئۇپۇق سۆيگەن ئارمانلار ۋىسال قۇچۇپ تاڭلاردا،
قانات قېقىپ يايرىسۇن سايە تاشلاپ چۆللەرگە.
سۆيگۈمىزدىن ئەتىرگۈل پورەكلىسۇن تاغلاردا،
سۇ توشۇيلى يۈرەكتە قۇرۇپ كەتكەن كۆللەرگە.

ئۇۋا راسلاپ شىپاڭغا يېنىمىزدا ۋىچىرلاپ،
شېئىر يازساق ئوقۇسۇن قۇشلار چۈچۈك تىللاردا.
بەخت دېگەن بىر ئۆمۈر تۇرسۇن مەڭگۈ چېچەكلەپ،
خرۇستالدەك چاقنىسۇن پاك نامىمىز دىللاردا.

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

# چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار

تورغاي بولۇپ سايرىساڭ ئەگەر،
يۈرىكىمدە ياساپ بىر ئۇۋا.
نۇر چاچىدۇ قاراڭغۇ ئۆيۈم،
يۇلتۇز كۆچۈپ كەلگەندەك گويا.

ئورمانلاردىن، ئېگىز تاغلاردىن،
ئاۋازىڭنى ئاڭلىسام، نىگار.
تەبىئەتنى كۈلدۈرۈپ تاتلىق،
چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار.

ئوكيانلارنى قويۇپ ھەيرەتتە،
سەن روھىمدا كۆكلىسەڭ بەلەن.
نامىڭ بىلەن يېڭى بىر شېئىر،
بىخ سۈرىدۇ باغرىمدا تېرەن.

1999 - يىلى 12 - ئاي.

# ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق،
يۇلتۇزلارغا كۆمۈلگەن كېچە.
لاۋۇلدىغاچ يۈرەكتە ۋۇلقان،
مۇڭدىشاتتى تۈيغۇ تاڭغىچە.

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق،
ھاياجانغا تولغان دەقىقە.
شامالنىمۇ قوغلاپ ئارىدىن،
سۆكۈتلەرگە بەرگەن خاتىمە.

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق،
تۆت قۇلاقتا تويۇنغان باغلار.
خرۇستالدەك پارقىراپ تۇرغان،
قۇياش كەبى جۇلالىق چاغلار.

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق،
بەخت كۈيى ياڭرىغان كېچە.
ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئورۇندۇق،
سۆيگۈ قۇشى سايرىغان كېچە.

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## قۇياشنى تۇتۇپ باق، يېڭى ئېرادا

ئاھ، يېڭى ئەسىرگە چاچقىنىڭ نېمە؟
قىزىلگۈل ۋە ياكى ئۈنەمدۇ قىياق؟
«يىلى ئاتلاش مەن ئۇچۇن ئوڭايكەن» دېمە،
قەدەمدە سەن ئۈچۈن ئېلىنار سىناق.

مەنزىلگە يەتمەستىن نىشاندىن ئېزىپ،
چاكىنا ئىشلارغا قىلمىغىن ھەۋەس.
ئەۋلاتچۇن بىر قامۇس قويمىساڭ يېزىپ،
«ياشىدىم» دېمىگىن سەن تىرىك ئەمەس.

بىخۇدلۇق ئىچىدە تارتماستىن خورەك،
يۇلتۇزدەك شاخلىغىن، ھاياتنى سۆيۈپ.
يولۇڭغا بىراۋلار قازسىمۇ ئورەك،
ئەل ئۈچۈن ياشىغىن شام كەبى كۆيۈپ.

ھودۇقماي مېڭىپ باق ئېگىز قىيادا،
سەن ئۈچۈن بۇ سەپەر ئەمەستۇر قىيىن.
قۇياشنى تۇتۇپ باق يېڭى ئېرادا،
مېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ، كۆكلىسۇن زېمىن.

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا،
بارخانلار قوينىغا تاشلىغىن قەدەم.
ئاڭلىساڭ يۇلغۇندىن ۋاپادارلىقنى،
توغراقنىڭ شېخىدىن راسلىغىن قەلەم.

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا،
ئاشىقنىڭ يېشىنى تېتىپ باق نىگار.
بۇلاقتا سۇغىرىپ قارا چېچىڭنى،
«نۇزۇكنى» ناخشاڭغا قېتىپ باق نىگار.

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا،
قوقاسنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ باق كۇلۇپ.
بۆرىلەر ئېتىلسا، هودۇقماي، گۇلۇم،
رۇستەمدەك ئېلىشقىن يېڭىڭنى تۇرۇپ.

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا،
تاغلارنى قۇچاقلا، مەڭزىڭنى يېقىپ.
تەبئەت باغرىڭدا كۆكلىسۇن ئەبەد،
مىڭ داستان قالدۇرغىن بۇلاقتەك ئېقىپ.

سەن مېنى سۆيمەكچى بولساڭ ناۋادا،

قۇياشقا ئاپارغىن مارسنى ئېلىپ.
دۇنياغا تونۇتقىن ئۇيغۇر قىزىنى،
تىكەنلىك يوللاردا كېيىكتەك مېڭىپ.

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

# نىگارغا

ئايرىلىش مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر گۈلۈم،
ۋايىسما ئۈنچىلىك دەردى - پىراققا.
توسسىمۇ بۇلۇتلار بارمىقى ئاينى،
پەرۋانە ئاشىققۇ هامان چىراغقا.

دىلىمىز گوياكى يۇمران مايسىدەك،
تويىمىز هاجەتمەن ئەمەس باغاققا.
قىچىپ چىق ئۆيۈڭدىن، ئىپ كىتەي سىنى،
قالمايلى «يۇرەكسىز» دىگەن ئاتاققا.

ئولتۇرۇپ ئىككىمىز ئۇچار گىلەمدە،
كەل، نىگار، كىتەيلى يىراق - يىراققا.
چىن سۆيگۈ قۇشىمىز بارسۇن پەر قىقىپ،
نۇزۇگۇم تۇنىگەن يېشىل قىرغاققا.

2001 - يىلى 7 - ئاي.

## ئۆخلىغىم بار راسا بىر قېنىپ

ئۆۋىسىدىن قوغلانغان گۆگۈم،
دېرىزەمگە يېپىلدى كېلىپ.
بۈگۈن كېچە هاراق پۇرىماي،
ئۆخلىغىم بار راسا بىر قېنىپ.

بالىلىقتا كۆرگەن چۈشۈمنىڭ،
ئېغىر تىنىپ تۇرار چالىسى.
خاتىرەمنى غاجايدۇ تىنماي،
ئۈستىلىمدە چاشقان بالىسى.

ئېزىپ قالغان ئاچچىق موخۇركا،
مۈگدەپ قالدى سوغۇق تېنىمدە.
ئۆز ئۆيۈمدە تولغىنىپ سۈرلۈك،
دۈرۈت ئوقۇپ ياتتىم ئېچىمدە.

2000 - يىلى 3 - ئاي.

## تۆرمۇش رەڭدار، پايانسىز ئالەم

كۆزەتسىڭىز كىرىپ قوينىغا،
تۇرمۇش رەڭدار، پايانسىز ئالەم.
جەڭگاھ ئۆزى ـ هايات كەچۈرۈش،
بۇ جەڭگاھتا قىززىقى ـ ئادەم.

1

قول باغلىشىپ بارايلى بۈگۈن،
مەيخانىغا ياكى تانسىغا.
ئون نەچچە خىل قورۇما قورۇپ،
تىزىپ قويۇپ ئۇنى ياڭزىغا.
ئىچىپ باققىن سەنمۇ تولدۇرۇپ،
ئاچچىق مەينى قۇيۇپ گاڭزىغا.

«هەمراھ» بولغان ئاشۇ ئايالنى،
كەيپلىكتە تارتساڭ تانسىغا.
«چىرايلىقكەن» دېسەڭ نازلىنىپ،
ئۇ ماڭىدۇ باشلاپ دالدىغا.
تونۇمايسەن، سالامىمۇ قىلماس،
بېرىپ قالساڭ ئەتە ئالدىغا.

مەست بولغاندەك پۈتكۈل كائىنات،
بىلىنىدۇ مەينىڭ كۈچىدە.

تاپالمايسەن ئۆيۈڭنى چوقۇم،
تاشلاپ كەتسەم ئاشۇ كېچىدە.
سېنى ساقلاپ ئۆيدە ئايالىڭ،
ياتالمايدۇ تەشۋىش ئىچىدە.

2

ئىڭراشلىرى ئاجىز بىمارنىڭ،
ئاڭلىنىدۇ ئىشىك تۈۋىگە.
ئېغىپ كېتەر يۈرىكىڭ شۇدەم،
كىرمەي تۇرۇپ كېسەلخانىغا.
پۇل تۆلەيسەن ئىچمەي تۇرۇپمۇ،
كېسەلخانا سوغۇق سۈيىگە.

تۆلىيەلمەي دورا پۇلىنى،
نەچچە كېسەل كۆچۈپمۇ كېتەر.
سىرغىپ چۈشەر بەلكىم ياشلىرىڭ،
كىرىپ قالساڭ ئۇ يەرگە ئەگەر.

3

كۇتۇپخانا قانداق يەر دېسەڭ،
باشلاپ باراي ئۇ يەرگە سېنى.
ئەجدادلارنىڭ، ئانا مىللەتنىڭ،
ساقلىنىدۇ شۇ يەردە گېنى.
بىلىپ قالغىن ئۇلۇغ خەزىنە،
قانداق ئىكەن كۆرۈپ باق قېنى؟

تاپالمىساڭ كۇتۇپخانىنى،
ئەل ئالدىدا ئەمەسمۇ ئۇيات.

بىز ياشىغان يېڭى ئېرادا،
باشلىنىدۇ يېڭىچە ھايات.
ئېدىسونمۇ ئوخشاش ئادەمغۇ،
سەنمۇ شۇنداق كەشپىيات يارات!

**4**

ئۆز ـ ئۆزۈڭگە قويۇپ بىر سوئال،
تۇرمۇش نېمە؟ ئويلانغىن ئۇزاق.
يىلتىز تارتسۇن دىلىڭدا باھار،
دوستلىرىڭغا قۇرمىغىن تۇزاق.
ھايات رەڭدار، پايانسىز ئالەم،
ۋۇجۇدۇڭدىن تارانقىن پۇراق!

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

## دىلىمدا بىر ئوت بار، پەقەت ساڭىلا

ئارمانلار مەڭزىمگە سۆيەر ئەركىلەپ،
كەچمىشلەر باشقىدىن شاخلىسا، نىگار.
يانۋاردا توڭلىماي، سېزىمەن راھەت،
تولغىنىپ ئۇيقۇدىن بولسامىمۇ بىدار.

سېنتەبىر كەلسىلا يۇلقۇنۇپ بىردىن،
ئەقىدەم سەن ئۇچۇن چىقىرار قانات.
ئۆكتەبىر شامىلى ئۇرۇلسا تاتلىق،
دېكابىر كەلسىمۇ كۆكلەر بۇ ھايات.

كۇتۇشلەر ئىچىدە چاقنىغان بەخت،
چايقىلىپ دېڭىزدەك باقار ماڭىلا.
تاڭلارغا ياندىشىپ تۇغۇلار قۇياش،
دىلىمدا بىر ئوت بار پەقەت ساڭىلا.

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

## ئايال تەبىرى

سۆرىسىمۇ ئېغىر كېمىنى،
مەڭگۈ ياتتۇر ئاڭا ھالسىراش.
دېكابىرنىڭ سوغۇق كېچىسى،
ئۇ، ئۆيۈڭدە پارلىغان قۇياش.

ئىيۇل ئېيى، چۆل كېزىپ يۈرسەڭ،
يۈرىكىنى قىلىدۇ سايە.
قىساي دېسەڭ چېكەڭگە ئەگەر،
ئۇ، بېغىڭدا ئېچىلغان لالە.

زۇكام تەگسە بولۇپ پايپېتەك،
ئاھ، يېنىڭدىن كەتمەيدۇ يىراق.
ئىچەي دېسەڭ، سۇزۇك شۇ قەدەر،
ئالقىنىڭدا ئوقچۇغان بۇلاق.

ئۆمۈر بويى ئوقۇپ تۈگىمەس،
ئۇ قېنىڭدا يېزىلغان شېئىر.
ئايال دېمەك - باھارغا يانداش،
ئۇ تېنىڭدە كۆكلىگەن مېھىر.

2000 - يىلى 8 - ئاي.

## دېھقان دادا

سەن قۇشلارغا بولىسەن ئۇۋا،
توڭلىغانغا تىكىسەن جۇۋا.
بەخت ـ نۇسرەت تىلەپ بىزلەرگە،
ئۇخلىماستىن قىلىسەن دۇئا.

قاراڭغۇدا قالساڭمۇ بىراق،
سەن ـ تۇنلەرگە يېقىلغان چىراغ.
ئازابنىلا سۇمۇرۇپ ئۆزۈڭ،
ھالاۋەتتىن تۇرىسەن يىراق.

ۋىناس كېلىپ سۆيسىمۇ نۇرغۇن،
سەنسىز ھايات كۆرۈنەر سولغۇن.
تىنىقىڭنى ئاڭلىسا ئەگەر،
مۇز تاغدىمۇ كۆكلەيدۇ يۇلغۇن.

ئۇمىد بىرلە ئۇپۇقنى يېرىپ،
ماجالىڭدىن كەتسەڭمۇ ھېرىپ.
ئالقىنىڭدا كۈلىدۇ قۇياش!
سەن يۇرىسەن يەنە گۈل تېرىپ.

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

# چۈشەپ چىقتىم باھارنى يەنە

كۆل سۈيىدەك چايقىلىپ ئاستا،
دېرىزەمدە ئويناپدۇ شامال.
قاڭقىپ چىققان سەرسان ھېسلىرىم،
گۈگۈملاردا ئىزدەيدۇ ۋىسال.

يېتىمسىرەپ كونا ئىشكاپتا،
پېچەتلىيدۇ ئالبوم ئېسەدەپ.
ساقىنغاندەك يۈلتۇزۇم كۆكتىن،
ئېغىپ كەتتى يۈرىكىم ئەجەب.

قورسىقى ئاچ ۋەھشىي بۆرىدەك،
ھىجران ماڭا ئېتىلدى ئەنە.
تۆكۈلسىمۇ كەچ كۈز ياپرىقى،
چۈشەپ چىقتىم باھارنى يەنە.

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

# ياپراقلاردا ھىجران تىۋىشى

چېچەكلىدى ئازاب باشقىدىن،
ئاڭلانمايدۇ يارنىڭ كۈلۈشى.
ئايلىنىمەن تەنها بۇ كېچە،
ياپراقلاردا ھىجران تىۋىشى.

گۈگۈم ئارا بوغۇق ئاۋازدا،
توۋلىماقتا ھۇۋقۇش تېرەكتە.
«توۋا» دەيمەن پاقا كوركىرار،
ھويلامدىكى تارچۇق ئورەكتە.

يۇلتۇز ئۆچۈپ، ئاينىڭ كۆزىدىن،
مۆلدۈر بولۇپ تۆكۈلدى يېشى.
سېنتەبىردە مۇزلىدى يۈرەك،
ياپراقلاردا ھىجران تىۋىشى.

1998 - يىلى 5 - ئاي.

# خوش دېگىن، نىگار

مەن كەتتىم سەھراغا، خوش دېگىن، نىگار،
زورىغا يىغلىماي، تۇرغىنا كۈلۈپ.
ئېيتىپ قوي ئاناڭغا، قىلمىسۇن تەنە،
قايتىلاپ كەلمەيمەن، كەتسەڭمۇ ئۆلۈپ.

مەن كەتتىم سەھراغا، خوش دېگىن، نىگار،
جېدەلسىز تۇرمۇشقا قالىسەن كۆنۈپ.
ساراڭدەك كەلگەننى ئۇسمە كوچىدا،
چېكەڭگە قوش مۇڭگۈز چىقمىسۇن ئۈنۈپ.

مەن كەتتىم سەھراغا، خوش دېگىن، نىگار،
قويۇۋەت چېچىمنى، ئالمىغىن يۇلۇپ.
«مىراس» قىپ ھەتتاكى نەۋرە ـ چەۋرەڭگە،
ئۈچ جىلڭ دەك قېنىمنى بەردىمغۇ بۆلۈپ.

مەن كەتتىم سەھراغا، خوش دېگىن، نىگار،
مۇزلىغان دىللارغا سېلىنسۇن قۇلۇپ.
يۇرىكى ئىسلاشقان، ئۇيقۇلۇق شەھەر،
قىستاڭغۇ بىنالار قالسۇن چۈش بولۇپ.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## سەھرادىكى ئاشۇ مۇھەببەت

تۇغۇلدۇ سۆيگۈ چېچەكلەپ،
سەھرادىكى سۇزۇك تاڭلاردىن.
ئېچىلدۇ سېرىن پورەكلەپ،
كەتمەن تۇتقان قاداق قوللاردىن.
بەخت كۆيى ئۇزۇلمەس مەڭگۈ،
هايات كۈلگەن چىغىر يوللاردىن.

ئاشۇ يولدا ئۆسكەن يىگىتلەر،
ئۆگەنمىگەن يالغان كۈلۈشنى.
يار ئىشقىدا قىلدەك تولغىنىپ،
ئۇ تاللىغان ئوتتا كۆيۈشنى.
ئۇ بىلىدۇ پەقەت ۋە پەقەت،
پەرهات كەبى يارنى سۆيۈشنى.

تانسا دېگەن قانداق ئۇسسۇل ئۇ؟
چۈشەنمەيدۇ سەھرا قىزلىرى.
يىگىتىنى كۆرسە ئۇيىلىپ،
ئوت ئالىدۇ ئايدەك يۈزلىرى.
پاراڭلاشسا دۇدۇقلاپ شۇئان،
قولاشمايدۇ قىلغان سۆزلىرى.

ئۇ يەردە يوق باغچە، ئورۇندۇق،
بېدىلىكتە مۇڭدىشار پەقەت.
ئالدامچىلىق، ساختا نازلىنىش،
يات ئۇلارغا ئەبەدىلئەبەد.
خرۇستالدەك پاك ھەم غۇبارسىز،
سەھرادىكى ئاشۇ مۇھەببەت.

1998 - يىلى 8 - ئاي.

## ئانا

كۆزلىرىڭدە چاقنىسا بەخت،
ۋۇجۇدۇڭدىن تۆكۈلەر مېھىر.
پەرىشتىلەر ئېگىلسە كۈلۈپ،
چاي قۇيىدۇ ئالدىڭغا خىزىر.

تومۇرۇڭدا ئوينىسا باھار،
ئايىغىڭغا يىقىلار ۋىناس.
چاچلىرىڭدا سەگىسە جاھان،
يۈرىكىڭدە تۇنەيدۇ قۇياش.

تىنچ ئوكيان چايقىلىپ ھەيۋەت،
«ئانا» دەپلا سالىدۇ چۇقان.
پلانېتلار ئارا نامىڭ بار،
سەن مەڭگۈلۈك تۆرەلگەن خاقان.

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## ئانا

سېنى كۆرسە چۈشۈپ ئەرشتىن،
خىزىر شۇئان قىلىدۇ ھاپاش.
تەزىم قىلار ساڭا تېۋىنىپ،
ئاھ، ئالدىڭدا تىزلىنىپ قۇياش.

ئالقىنىڭدا تۇنىسە يۇلتۇز،
چاچلىرىڭنى تارايدۇ شامال.
چاچقۇ چېچىپ سېنىڭ ئۆيۈڭگە،
تولۇن ئايمۇ تۇغۇلار ئاۋۋال.

ئايىغىڭدا بىخ سۈرۈپ تېرەن،
تەبىئەتمۇ چىقاردى قانات.
مېھرىڭ بىلەن ياشىرىپ دۇنيا،
گۈل ـ چېچەككە پۈركەندى ھايات.

بۇغدا كۆلى چايقىلىپ ئاستا،
تەھسىن ئوقۇپ، ئېيتىدۇ غەزەل.
بەختلىك مەن ئاشۇ قولۇڭدا،
ئۇماچ ئەتسەڭ تېتىيدۇ ھەسەل.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

## مەن، ئۆي، خوتۇن

ئۇخلىيالماي دىمىق ئۆيۇمدە،
تىمىسقىلاپ يۇردۇم كىرپىدەك.
خوتۇنۇمۇ تۇيۇلدى ماڭا،
زورلاپ ئىچكەن قىرتاق پىۋىدەك.

كارۋىتىممۇ قالدى كىچىكلەپ،
مىدىرلىسام چۇشۇپ كەتكۇدەك.
خورەك تارتىپ ياتماقتا ئەنە،
سىمىز خوتۇن جانغا تەگكۇدەك.

جىلە بولۇپ ئۆزۇمدىن ئۆزۇم،
ۋارقىرىدىم كۆككە يەتكۇدەك.
سىگارتىممۇ قالماپتۇ ئەجەب،
تاپالمىدىم بىر تال چەككۇدەك.

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل.

## قاراقاش

سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك باغلانغان رىشتە،
سۆيگۈ بار دىللاردا، بولمايدۇ زاۋال.
پەرىلەر كۆرسە گەر تۇرماس ئەرشتە،
باھارمۇ سىنىڭدە تۇغۇلغاچ ئاۋۋال.

يۇلتۇزلار بېشىڭغا قونسا ئەركىلەپ،
شوخ سابا مەڭزىڭگە قويىدۇ سۆيۈپ.
تولۇن ئاي چىدىماي يۇرسە چۆرگىلەپ،
ۋىناسمۇ يىراقتىن كېلىدۇ كۈلۈپ.

شادلىققا چۆمۈلۈپ ئېيتىدۇ غەزەل،
ئاقساراي چىنارى، مازار تاغلىرىڭ.
ھۆسنىڭ بار كۈيلەشكە جەننەتتىن گۈزەل،
ئون سەككىز سەن تېخى، قىران چاغلىرىڭ.

چېھرىڭدە پارلىسا يەنە بىر قۇياش،
بېغىڭدا بۇلبۇللار سايرايدۇ بەلەن.
قېنىم سەن تومۇردا ئانا قاراقاش،
دىلىمغا ئوت ياقتىڭ سۆيۈملۈك ۋەتەن.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

## كۆرمەي تۇرۇپ سېغىنىش

ئون يىلى ئۆتتۈپ ئۇچراشقاندا سەن بىلەن،
چېچەكلىدى يۈرەكتىكى جاراھەت.
دېكابىردا چاپان ئېغىر تۇيۇلدى،
«يۇزگە» چىققاچ بەدەندىكى ھارارەت.

تومۇرلارنىڭ سوقۇشلىرى ئاڭلانسا،
ئوت چاقنىدى ئۇچراشقاندا كۆزىمىز.
دەقىقىدە ئايان بولدى كەچمىشلەر،
سالاملاشتۇق ئون - تىنسىزلا ئىككىمىز.

چېھرىمىزدە كۈلكە پارلاپ تۇرسىمۇ،
داۋام قىلدى يەنە كونا ئۇھسىنىش.
ئازاب بولغاچ كۆرۈشۈشنىڭ ئۆزىمۇ،
تاتلىق ئىكەن كۆرمەي تۇرۇپ سېغىنىش.

مىدىرلىماي قېقىپ قويغان قوزۇقتەك،
يىراقتىنلا باش لىڭشىتىپ خوشلاشتۇق.
«ئاكا» دېدى شۇ چاغ قىزنىڭ ئوغلۇمنى،
بىلسەڭ ئەمدى مەڭگۈلۈككە دوستلاشتۇق.

1999 - يىلى 7 - ئاي.

## ئەتە ساڭا ئۈمىدتە باقار

قىزارماستىن ئۈپۈق گىرۋىكى،
چاچقۇ چاچار ئېتىزغا بوۋام.
ئېيۇندىكى دىمىق كېچىدە،
ئورما ئورۇپ هارمايدۇ مومام.

تۆت پەسىلدە بولۇپ پايپېتەك،
دەم ئېلىشقا يەتمەيدۇ چولى.
مىڭ سوم پۇلنى تونىماس ئەجەب،
كەتمەن تۇتۇپ قاپارغان قولى.

قېلىشمايدۇ دېهقاندىن هالى،
«مۇئەللىم» دەپ يۇرگىنى بىلەن.
نامرات ئۆزى لېكىن شام ـ چىراغ،
ئاھ! ئۇنىڭسىز كۆلمەيدۇ ۋەتەن.

كىرپىك قاقماي ئۆتىدۇ شۇنداق،
بىمارلارغا بولۇپ پەرىشتە.
هەسەن ـ هۈسەن قىلىدۇ تەزىم،
«دوختۇر» دېسە كۆلۇپ ئەرشتە.

تارقىتىلماس ئايدا مائاشى،

ئورگاندىكى كادىر ـ ئىشچىنىڭ.
كۈنى قانداق؟ چۈشەنمەس كىشى،
خۇمداندىكى قېرى خىشچىنىڭ.

پۇل سورايدۇ كېلىپ يېنىڭغا،
ئامانەت دەپ بانكا خادىمى.
قەرز تۆلەپ يۈرمەكتە ئەنە،
كىتاب سېتىپ شائىر خانىمى.

ئاندا ـ ساندا چىقىرار جېدەل،
ئوقەتچىلەر بازار تالىشىپ.
قېرى تۈلكە ئالىدۇ پايدا،
باشلىق بىلەن بۇرۇن يالىشىپ.

*　　*　　*

تۇرمۇش ئېغىر، رەڭدار بولسىمۇ،
ئەتە ـ ساڭا ئۈمىدتە باقار.
تاتلىققىنە چايقىلىپ قۇياش،
كۈندە مىڭلاپ تۇغىدۇ باھار!

1998 ـ يىلى 21 ـ ئاپرېل.

# ئېسىڭدىمۇ جەنۇبلۇق يىگىت

ئېسىڭدىمۇ جەنۇبلۇق يىگىت،
چۈشلىرىڭگە كىرەمدۇ بەزى؟
چاقچاق قىلىپ كۈلەمسەن ئەتەي،
سۆيگۈ ئۈچۈن بېرىپ ئالدىڭغا،
گەپ قىلالماي قىزارسا يۈزى.

ساقلاپ سېنى كۇتۇپخانىدا،
كېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان يىگىت.
كىرسەڭ ئەگەر قاراپ قالغىنى،
خىيالىڭدىن كېچەمدۇ غۇۋا.
ياكى ئاڭا قويدىڭمۇ چېكىت؟

بەش يىلى ئۆتۈپ ئىنتىزارلىقتا،
خوشلاشقاندا ئوقۇش تامام لاپ.
«يۈرىكىم» دەپ بەرگەن خاتىرە،
كەچمىشلەرنى ئەسلىتىپ ساڭا.
ئىشكابىڭدا تۇرامدۇ يىغلاپ.

زارىقىشتا يېزىپ لىرىكا،
ئاھ، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ئۇزاق.
ئۇ جەنۇبتا تۇرسىمۇ بۈگۈن،

سەن تەرەپكە ئۇچىدۇ قۇشى،
دادا بولۇپ قالسىمۇ بىراق.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

## خوتەن

قاراقاش، يۇرۇڭقاش توختاۋسىز ئېقىپ،
باغرىڭدا چىن سۆيگۈ شاخلىدى تېرەن.
يۇلتۇزلار بېشىڭغا تۆكۈلسە كېلىپ،
قۇياشمۇ سېنىڭدە چاقنىدى بەلەن.

كۇئىنلۇن باغرىدا شەپەقنى سۆيۈپ،
مەڭگۈلۈك كۆكلىگەن بىر ئۇماق ۋەتەن.
باتۇرلۇق بابىدا رۇستەم قول بەرگەن،
سەن دېھقان ئاتامنىڭ ئۇۋىسى خوتەن.

1989 - يىلى 5 - ئاي.

# ئانا

دىللاردا مەڭگۈلۈك زىكرى بوپ تۇرغان،
تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سۆزىسەن، ئانا.
ۋىناسمۇ بويىنغا تىلتۇمار قىلغان،
تاڭدىكى چولپاننىڭ ئۆزىسەن، ئانا.

قۇياشنىڭ ئاي ئۇچۇن ئاتاپ ياساتقان،
سوۋغىسى ـ ئۇزۇكنىڭ كۆزىسەن، ئانا.
قەدىمىم ناۋادا بىسىلسا قىيا،
بىر قاراپ ئەگرىنى تۈزىسەن، ئانا.

1994 ـ يىلى 3 ـ ئاي•

## سۆيگۈ

سۆيگۈ مېھرى ھەر تومۇرغا سىڭگەچكە،
توختىماستىن سوقۇپ تۇرار يۈرەكلەر.
سۆيگۈ بەرگەچ بىزگە پۈتمەس كۈچ - قۇۋۋەت،
گۈل ئاچىدۇ دىلدا ئارزۇ - تىلەكلەر.

سۆيگۈ - قۇياش ئۇنىڭ بىلەن ھەر تاڭدا،
تۇغۇلىدۇ ھەممە ئىشقا كېرەكلەر.
سۆيگۈ - ئىلاھ، ئېگىلمەيدۇ، سىناپ باق،
يەر شارىنى كۆتۈرسىمۇ بىلەكلەر.

1991 - يىلى 4 - ئاي.

# ئىلتىجا

ئىزتىراپ ئىلكىدە يۈرۈپ خىيالچان،
مەن سېنىڭ يولۇڭنى قىلىمەن تاۋاپ.
كېتەلمەي يېنىڭدىن يۈرۈيمەن ئەگىپ،
سۆزلىرىڭ يۈرەكنى قىلغاچقا كاۋاپ.

ئەتەي بىر ئىش تېپىپ، بېرىپ ئالدىڭغا،
ئاھ، شەھلا كۆزۈڭدىن ئىزدەيمەن جاۋاب.
يۈرۈيمەن قىينىلىپ، ئاچالماي ئېغىز،
ھالىمغا يەتسەڭ گەر بولامدۇ ساۋاب!

1991 - يىلى 4 - ئاي.

## جانانغا

شاھىت تۇرسا سۆزۈمگە ـ كۆزۈم،
سەن پەرۋاسىز يۈرۈيسەن جانان.
يۈرەك باغرىم بولدى چۇچۇلا،
ئاھ، ھالىمغا يېتىسەن قاچان؟

مەشۇقىنى ئەسىرلەپ كۈتۈش،
ئاشىق ئۈچۈن بولسىمۇ «ئاسان».
ئوتنى يېقىپ قاچمىغىن ئۇنداق،
سۆيگۈ بېغى بولمىسۇن خازان.

1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## تەقدىر ساڭا ئەگمەيدۇ بويۇن

«بەخت قۇشى قوندى» دېمىگىن،
شەيتان كېلىپ كۆرسەتسە ئويۇن.
«ئامەت» كېتىپ يىقىلساڭ ئەگەر،
باشلىرىڭدا پىرقىرار قۇيۇن.

تۇغۇلغانغا قىلمىغىن نالە،
گاھى ئاچ قال بەزىدە تويۇن.
ھايات دېگەن بىلسەڭ ئاشۇنداق،
تەقدىر ساڭا ئەگمەيدۇ بويۇن.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## دوستۇمغا

«ئالىم» ئاتال ئەلنىڭ قەلبىدە،
كومپيۇتېر ئۆگىنىپ ئاداش.
كائىناتنى سىلىپ لەرزىگە،
يەر شارىنى ئەيلىگىن ھاپاش.

قونالىساڭ ئاينىڭ ئۈستىگە،
مەنىلىكتۇر ئاشۇنداق ياشاش.
ئىزدەپ كەلسە ۋىناس يىراقتىن،
ساڭا قاراپ كۈلىدۇ قۇياش.

1998 - يىلى 2 - ئاي.

# سەھرا

مۇجەسسەمدۇر گۈزەللىك دېگەن،
جەننەت كۆچۈپ كەلگەندەك گويا.
ئادەملىرى سۆيۈملۈك ئەجەب،
چېچەكلىگەن ئۇ يەردە ھايا.

بېرىپ قالساڭ ناۋادا نىگار،
تۆكۈلىدۇ بېشىڭغا زىبا.
چېكىسىدە قۇياش تۇنۇگەن،
ئۇ ـ ئاشۇنداق غۇبارسىز دۇنيا!

1994 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## سەن تۇرۇپسەن بەختتىن يىراق

سەھرادىكى خىلۋەت كەنتتە،
سەن ئىدىڭغۇ ئۇمىدلىك چىراغ.
ئورىۋالدىڭ يۇزۇڭنى نېچۇن،
كۆز تەگمىسۇن دېدىڭمۇ قىزچاق.
ئون ئالتىگە توشمايلا تېخى،
قارىچۇقۇڭدا تۇنەپتۇ چاپاق.
ياشلىق گۇلۇڭ ئېچىلماي تۇرۇپ،
تەقدىر ساڭا قىلدىمۇ چاقچاق.

«ساۋاب» دېسە ئىككىلەنمەستىن،
بىر دۇئاغا بېرىپتۇ سېنى.
«خوتۇن» بولۇپ قېرى موللىغا،
«يۇلتۇزۇم» دەپ يۇرۇپسەن ئۇنى.
قاراپ تۇرۇپ توسماپتۇ ئاناڭ،
داداڭنىڭمۇ يوقمىدۇ ئەقلى.
ياكى تەڭرى كەتتىمۇ ئېزىپ،
بۇ سىرلارنى ئېيتقىنا قېنى؟

باشقىلاردىن ئاڭلىسام «ئىست،
ھۆل شاخ قالار، كۆزلىرىدە ياش.
يا قايىنىماس ئوچاقتا قازان،

پىشماپتىمىش ئەتكەن پولو - ئاش.
قاپاق تۈرۈپ دوق قىلار يەنە،
ئېرى ئىكەن باغرى ئەجەب تاش.
بالا تۈرۈپ بالا باقىدۇ»،
دېدى شۇنداق بۈگۈن قېرى - ياش.

يېشىڭ سىڭلىم كىچىك بولسىمۇ،
ئېگىلىپتۇ بەللىرىڭ بىراق.
قىسمەت ئەجەب كەلدىمۇ تەتۈر،
سەن تۈرۈپسەن بەختتىن يىراق.
ئاھ، ئېچىنىپ ئاشۇ ھالىڭغا،
خىياللارغا چۆكىمەن ئۇزاق.
ئادالەتسىز نىكاھ ئىشىغا،
بۇ دۇنيادا يوقمىدۇ سوراق.

1997 - يىلى 4 - ئاي.

# پىستە

چۆرگىلىدى ساراڭدەك گويا،
باغلىرىمنى ئەگىپ كىتەلمەي.
كىرەلمىدى هويلامغا بىراق،
بوسۇغامدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي.

ئىچ ئاغرىتىپ ئەكىردىم ئۆيگە،
«كىچىك ئىكەن، ياۋاش» دەپ بىلىپ.
تاشلاپ بەرسەم قاتتىق زاغرىنى،
تاپىنىمنى يالىدى كىلىپ.

سەمرىگەندە ئۆزگىرىپ بىردىن،
باشقۇرالماس بوپ قالدىم ئەنە.
كاتىكىدە قالمىدى توخۇ،
بالىلارنى چىشلىدى يەنە.

ئۇزاق ئۆتمەي دەمدەلىرىمۇ،
سايراشلاردىن توختىدى تۇگەل.
كىچىك كۆرۈپ پىستە ـ كۇچۇكنى،
مەن ئاشۇنداق تۆلىدىم بەدەل.

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## ئايسىز كېچە، مەن يۈرىمەن تەمتىرەپ

ئايسىز كېچە، مەن يۈرىمەن تەمتىرەپ،
ئەنسىز ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ قۇلاققا.
ۋۇجۇدۇمنى قامالىدى ۋەھىمە،
دەرد يەتكەندەك گويا بىر جۇپ بۇلاققا.

ماغدۇرسىزلا پۇتۇم سۆرەپ ماڭىمەن،
يېشىلمىكىم تەس ئوخشايدۇ بۇ كېچە.
يېتىۋالسام بولاتتىغۇ تۇيدۇرماي،
كاپ - كاپ خوتۇن بۇ ئەپتىمنى كۆرگۈچە.

ئۇنتۇپ قالغاچ مەيخانىدا چاپاننى،
توڭلىماقتا بەدەنلىرىم ئۇيۇشۇپ.
ئالدىغاچقا موخۇركامنىڭ شولىسى،
يىقىلدىممەن ئۆز سايەمگە پۇتلىشىپ.

يول بەلگىسىن ئېلىۋالغاچ شەيتانلار،
يۈرمەكتىمەن ھەرقەدەمدە ئېزىقىپ.
گۈگۈم ئارا لەيلەپ يۈرەر شىلەپەم،
مەن يىغلايمەن بوۋاقلاردەك تېلىقىپ.

1994 - يىلى 8 - ئاي.

# نىگارنى ئىزدەش

تىنىقىڭنى پۇراپ باقمىدىم،
باھار كۆلگەن ئاشۇ باغلاردىن.
ئاۋازىڭمۇ كەلمىدى يەنە -
قۇياش سۆيگەن ئېگىز تاغلاردىن.

چېلىقمىدى كۆزۈمگە نىگار،
گۈل سېۋەتنىڭ قەدىم ئورماندىن.
سوراپ باقتىم يېنىش - يېنىشلاپ،
ئىزلىرىڭنى كۆكۈچ بارخاندىن.

يەتتە ئىقلىم قالمىدى كېزىپ،
تاپالمىدىم ئۆتۈپ ئوكياندىن.
ئالالمىدىم خەۋرىڭنى ئەجەب،
ئوت ئىچىگە كىرىپ گۈلخاندىن.

1999 - يىلى 12 - ئاي.

پىشماپتىمىش ئەتكەن پولو ـ ئاش.
قاپاق تۈرۈپ دوق قىلار يەنە،
ئېرى ئىكەن باغرى ئەجەب تاش.
بالا تۈرۈپ بالا باقىدۇ»،
دېدى شۇنداق بۇگۇن قېرى ـ ياش.

يېشىڭ سىڭلىم كىچىك بولسىمۇ،
ئېگىلىپتۇ بەللىرىڭ بىراق.
قىسمەت ئەجەب كەلدىمۇ تەتۈر،
سەن تۇرۇپسەن بەختتىن يىراق.
ئاھ، ئېچىنىپ ئاشۇ ھالىڭغا،
خىياللارغا چۆكىمەن ئۇزاق.
ئادالەتسىز نىكاھ ئىشىغا،
بۇ دۇنيادا يوقمىدۇ سوراق.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

بىلىپ قال ئۇ دېگەن بۇلۇتسىز ئاسمان.
يۇلتۇزۇڭ بىر ئۆمۈر چېچەكلەپ، يەنە،
ئۇ بولسا دىلىڭدا تۇغۇلار ئارمان.

ئۇ باركى تومۇرۇڭ سوقىدۇ تەكشى،
شۇڭلاشقا ئۇ دېگەن ئۈزۈلمەس ئېقىن.
ئۇ باركى ئۆيۈڭدە كۈلىدۇ باھار،
دېمەك، ئۇ ھەممىدىن قۇياشقا يېقىن!

2000 - يىلى 8 - ئاي.

## چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش!

مېۋىسىز نوتىنىڭ كېرىكى نېمە؟
ئاھ ئۇرۇپ، يىغلىما يۈز بەرسە چاتاش.
پولاتتەك يېتىلىپ چىقمىساڭ بۈگۈن،
سەن ئۇچۇن مەنىسىز ئۆلۈكتەك ياشاش.

رىقابەت ھەم خىرىس كەلدى يېقىنلاپ،
بىلىپ قال! قەدىمىڭ ئېراغا تۇتاش.
چىن بەخت بېشىڭغا تۇرار تۆكۈلۈپ،
ئويغىنىپ، ئۇيۇقا ئىنتىلسەڭ ئاداش.

چېچىلسۇن ئەل - يۇرتقا مېھرىڭدىن باھار،
چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش!
شەرەپ قۇچ بەيگىدە، كۆكلىسۇن ئىزىڭ،
ۋايسىما، مۇز تاغنى قىلساڭمۇ ھاپاش.

2000 - يىلى 12 - ئاي.

## جەنۇبتىكى خىلۋەت كەنتتە ...

يۇيۇندۇ قۇياش ھەر كۈنى،
جەنۇبتىكى خىلۋەت كەنتتە.
كەتمەن تۇتۇپ كۆكلىگەن دادا،
تولغىنىدۇ تاتلىق ئۈمىدتە.

قارامايىنى چۈشىگەن يىگىت،
ئوغۇت ئۈچۈن ياتىاق چاپىدۇ.
شىلدىرلىسا قوناق شاخلىرى،
قورقۇپ چوكان يىراق قاچىدۇ.

توي يۆتكىسە تراكتور بىلەن،
خۇشاللىقتىن كۈلىدۇ موماي.
ئاپتوبۇسنى كۆرسە ئايلىنار،
پويىز كۆرۈپ باقمىغان بوۋاي.

چۆچەك تۇغۇپ بېرەر كەچقۇرۇن،
سۆكسۆك كۆيۈپ قىزىغان ئوچاق.
كۆكتات تاللاپ يۈرمەس ئاياللار،
چامغۇرنىلا تونۇيدۇ پىچاق.

«كىنو» دېسە چاپار كېيىكتەك،

ئاياغ كىيىپ كۆنمىگەن بالا.
«پادىچى» دەپ ئاتىلار ئەتە،
باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ چالا.

قىسىشىدۇ كاككۇك گۈلىنى،
ئەتىر چېچىپ باقمىغان قىزلار.
جەنۇبتىكى خىلۋەت كەنتكە،
تۆكىدۇ نۇر ئالتۇن يۇلتۇزلار.

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## تاتلىق - تاتلىق ئەسنەيدۇ بالا

كالپۇكىنى قويىدۇ يالاپ،
كىملەرگىدۇر تەلمۈرگەن بالا.
توختىمايدۇ بېكەت ئارىلاپ،
ئاھ كاچكۇلدەك بولسىمۇ تالا.

كونا هارۋا، قېرى ئېشىكى،
كۆمۈلمەكتە ئاپئاق چېچەككە.
ئىككى ئادەم چىقسا يىقىلار،
سوغ تەگدىمۇ ئاجىز ئېشەككە.

يۆلىسىمۇ يىقىلار يەنە،
ئېشىكىنىڭ يوقمۇ تۇيىقى؟
قورقىتالماس بىراق بالىنى،
جەنۇبنىڭكى قۇرغاق سوغۇقى.

ئون كوي تاپسا بىر كۈن چۆرگىلەپ،
ئارزۇ - ئۈمىد قوچار دىلىنى،
ئۆز - ئۆزىگە دەيدۇ پىچىرلاپ،
«تاپشۇرىمەن كىتاب پۇلىنى» .

پىچان چۇشەپ چىقسا ئېشىكى،

تاتلىق ـ تاتلىق ئەسنەيدۇ بالا.
يۈرىكىمدە تۇغۇلار قۇياش،
ئاھ، كاچكۇلدەك بولسىمۇ تالا!

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار

پەر قاقىدۇ ئورمان ئۈستىدە،
قۇشلار بۈگۈن قىلىشىپ ناۋا.
سىلكىنىدۇ ئېگىز تاغلارمۇ،
بەللىرىگە باغلىشىپ تاۋا.

قىياقلىقتا سالىدۇ ساما،
قوزىچاقلاپ تاقلىشىپ ئوماق.
تەبىئەتمۇ ياساندى كۆلۈپ،
ئۈستا رەسسام بەرگەندەك بوياق.

تۇغۇلىدۇ سۆيگۈ چېچەكلەپ،
تىنىقلاردىن تۆكۈلگەچ ئىپار.
ئالقىنىمدا ئوينار كېپىنەك،
چايقىلىدۇ دىلىمدا باھار.

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

## خوتەنلىك ئانا

تەرىپىڭنى كۆيلىسەم ئەگەر،
ئاددىي كىيلەر «خىزىر» دەپ ئاتاش.
نېچۈن ساڭا باقمايدۇ بەخت،
سەن جاپانى تۇتقانمۇ ئاداش.
مېھرىڭ بىلەن بىخلىنىپ ئەمما،
نۇر چاچىدۇ دىلىڭدا قۇياش.
شۇ سەۋەبتىن تىزلىنىپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

سۆزلەپ باقاي: كۇلۇپ باقمىدىڭ،
بىردەم ئۆرە تۇرۇپ باقمىدىڭ.
«ئىلچى» دېگەن توپا شەھەرنى،
چۈشۈڭدىمۇ كۆرۈپ باقمىدىڭ.
ئالۋان ـ سېلىق چىرمىغاچ سېنى،
ھايات پەيزىن سۇرۇپ باقمىدىڭ.
سېنىڭ ئۈچۈن تىزلىنىپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

ھويلاڭغىمۇ تېرىپ ئوسمىنى،
سېتىپ، تىكىپ ھەتتا پوسمىنى.
نەق مەيداندا بولۇپ پايپېتەك،

ئۆزۈڭ ئەتتىڭ قىر ۋە توسمىنى.
غەيرىتىڭدىن بارچە ئادەمنىڭ،
يورۇپ كەتتى كۆڭۈل ئاسمىنى.
ئايىغىڭغا تىزلىنىپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

كېۋەز تېرىپ، پاختىسىز رەختنى،
ئۆزۈڭ كىيىپ، خۇش قىلىپ خەقنى.
ئاز پۇلنىمۇ ئالالماي يەنە،
بانكا ئارا كۆتۈرۈپ چەكنى.
داتلىمايسەن ھەر خىل ئويۇنغا،
ئۇزۇم يېمەي، كۆمسەڭمۇ تەكنى.
ئاھ، يىراقتىن تىزلىنىپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

ئەللىك بەشكە بارسىمۇ يېشىڭ،
تەييار ئەمەس يېيىشكە ئېشىڭ.
قاتتىق زاغرا تۇيۇلار تاتلىق،
قۇرۇت بېقىپ قايغاندا بېشىڭ.
تەڭلىكىڭگە بولالماس دالدا،
يۇرۇڭقاشتىن كولىغان تېشىڭ.
سىنىڭ ئۇچۇن ياش تۆكۈپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

تۇزۇم شۇنداق بولغاچقا قارام،
قىش - ياز بىردەم ئالالماي ئارام.

قەرز تۆلەپ يۈردۈڭ يىلى بويى،
پىلانلىرىڭ بولسىمۇ يارام.
يېلىنمىدىڭ شائجاڭ غوجامغا،
كۆز ياشلىرىڭ ئاقسىمۇ تارام.
سېنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈپ مانا ـ
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

جۈلدۈر ـ كېپەن بولساڭمۇ ئۆزۈڭ،
تۈن قوينىدا چىراغدۇر كۆزۈڭ.
شىۋىرغاندا تۇرساڭمۇ يېلىڭ،
ۋايسىراشتىن يىراقتۇر سۆزۈڭ.
چېچەكلىگەچ قولۇڭدا ھايات ـ
ئەل ئالدىدا يورۇقتۇر يۈزۈڭ.
شۇ ئەجرىڭگە تىزلىنىپ مانا،
سالام بەردىم، خوتەنلىك ئانا.

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## ئىش ئىزدەش

كىرىپ كەلدى يوقسۇزلۇق غېمى،
دېرىزەمدىن قىستىلىپ ئاستا.
ئالدىراپلا چىقتىم ئۆيۈمدىن،
ئەتىگەندە قىلمايلا ناشتا.

سۇكۇتتىكى هازىدار چالدەك،
كۆرۈندۇ خەقلەر كۆزۈمگە.
هېيىقماستىن هەرە - چىۋىنلەر،
قونۇشىدۇ كېلىپ يۈزۈمگە.

چاڭ - توزانلىق كىچىك يول بىلەن،
ئىش ئىزدىدىم سوغۇق سەهەردە.
بولاي دېدىم هەتتا رىكشىچى،
دىپلوم چۈشۈپ قالغان شەهەردە.

2001 - يىلى 7 - ئاي.

## بىزدە بار جاسارەت، غۇرۇر ۋە هايا!

(پاشاگۇل ئىسمائىلنىڭ «يىگىتلەر سىلەر كىم؟ بۇ قەيەر» ناملىق ماقالىسىگە جاۋاب)

پاشاگۇل سوراپسىز، جاۋابىم ئاددىي،
ۋاپادار بىز شۇنداق بىلسىڭىز ئەسلىي.
ئادالەت كۈيىنى ياڭرىتىپ خۇشال،
تاغلاردا تۇنىگەن سادىرنىڭ نەسلى.

بىز شۇنداق يىگىتلەر «ئۆچمەس ئىز» سېلىپ،
چاتقاللىق دالىدا تولكە قوغلىغان.
مۇزلىغان تۇپراقنى تېڭىپ يۈرەككە،
قوللارغا چوغ ئېلىپ «هۇررا» توۋلىغان.

هېلىھەم شۇنداق بىز، ۋاپادار ئەركەك!
بىزدە بار جاسارەت، غۇرۇر هەم هايا.
ئات سېلىپ مەنزىلگە قۇچىمىز زەپەر،
ئاڭلاڭلار تاغلاردىن كەلمەكتە سادا.

بۇ تارىم! ئاھ، سىلەر بىزنىڭ قېنىمىز،
هىجراندا باغرىمىز بولمىسۇن يارا.
بۇ يېڭى ئېرادا تۇتۇشۇپ قولنى،
تارىختا چاقنايلى يۇلتۇزدەك گويا.

2001 - يىلى 8 - ئاي.

# دېكابىرنىڭ ئايدىڭ كېچىسى

دېكابىرنىڭ ئايدىڭ كېچىسى،
نىگار بىلەن چىقتۇق سەيلىگە.
سۆيگۈ بىزنى ئەيلىگەچ تۇتقۇن،
كېتىپ قاپتۇق خېلى يەرلىگە.
تۇگىمىگەچ ئوتلۇق پاراڭلار،
تۈن نىسپىدە كەلدۇق مەلىگە.

ئەمما، كايىپ ئۆگەي ئانىسى،
كىرگۈزمىدى يارنى ئۆيىگە.
«سەندەك قىزىم يوق» دېدى بىردىن،
ھەم تۈكۈردى ئۇنىڭ يۈزىگە.
«يوقال» دېدى چالۋاقاپ شۇدەم،
نوقۇپ تۇرۇپ قىزنىڭ كۆزىگە.

چىدىمىغاچ بۇ ھالغا يۈرەك،
ئېلىپ قاچتىم نىگارنى يىراق.
ھۇۋلىسىمۇ سوغۇق شىۋىرغان،
يالقۇنجىدى دىلدا ئىشتىياق.
كىرپىكلەرنى باسسىمۇ قىرو،
بىز سۆيۈشتۇق ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

دېكابىرنىڭ ئايدىڭ كېچىسى،
بىز قوغلىشىپ يۈرسەكمۇ شۇنداق.
كەڭ دالىدا يايرىدۇق ئەجەب،
بەخت بىزگە ئاچتى كەڭ قۇچاق.
يۈلتۇزلارمۇ قىلدى تەبەسسۇم،
ئاشۇ ئانا قىلالماس سوراق!

1996 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# مۇزلىغان يۈرەك

باھار كۈتۈپ مۇزلىغان يۈرەك،
بىخۇتلىشىپ چىرىگەن تۇيغۇ.
گۆر ئاغزىدا جانسىز خىرقىراپ،
داۋام قىلدى نەس باسقان ئۇيقۇ.

دۇئا تىلەپ ياتسىمۇ بىراق،
ئۆز ئوغلىمۇ قويمايدۇ قاراپ.
ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن ئىتلارمۇ،
يا چىشلىمەي، تۇرىدۇ قاۋاپ.

قارانچۇقمۇ، ياكى ئادەممۇ،
ئويغانمايدۇ چاقىرساڭ نوقۇپ.
بۇ دۇنيانى ئەتتىمۇ تەرك!
ئۆز - ئۆزىگە كىپەنلىك توقۇپ.

1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

## شائىر سۆيگۈسى

كۆلۈپ يۈرگىن دەيدۇ بەزىلەر،
يىغا ئەلا ساختا كۆلگەندىن.
شۇنداق ياشاپ ئۆتەيلى بۇگۈن،
قورقۇپ كەتمە ئۆلۈم دېگەندىن.
ئۇ دۇنيادا تاپارمىش ۋىسال،
ئۆلگەن ياخشى تىرىك يۈرگەندىن.

ئالاي دېسە جاننى ئەزرائىل،
هودۇقماستىن بېرىمەن ئاڭا.
بۇ دۇنيادا سەرسان يۈرگىچە،
دوزاخ ئوتى بەختتۇر ماڭا.
نىسىپ قىلسا تەڭرى بېهىشنى،
ئىككى قوللاپ تۇتىمەن ساڭا.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

## ئازغۇن سۆيگۈ

سۆيەي دېسەم ئۆزۈمنى بۇگۈن،
بىلەلمىدىم قانداق سۆيۈشنى.
هاياتىمغا قىلىپ، بىر چاقچاق،
تاللىۋالدىم بالدۇر ئۆلۈشنى.

ئەجەپلەنمە سۆزۈمگە ئەمدى،
سېنى تاشلاپ كېتىمەن يىراق.
تۈن قوينىغا يازىمەن شېئىر،
مېنى كۈتۈپ تۇرساڭمۇ بىراق.

بوۋام تۇتقان كەتمەننى ئېلىپ،
چېقىپ تاشلا قەبرەمنى نىگار.
ئۆز - ئۆزىگە خائىن بەندىلەر،
ئۆزگىلەرنى سۆيەمدۇ بىكار.

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

# ئاققۇن ناخشىسى

بۇ شەھەرنىڭ خالتا كوچىسى،
قايمۇقتۇرۇپ تاشلىدى مېنى.
قاياقتىدۇر ئانامنىڭ ئۆيى؟
يىغلاپ يۈردۈم تاپالماي ئۇنى.

كوچىلاردا تۈنەپ ھەر كۈنى،
جۇدۇن - سوغدا تىترىدىم دىر - دىر.
بەخت تىلەپ بورانلىق سەھەر،
سايىللارغا قوشۇلدۇم ئاخىر.

ئىشىم ئۇڭدىن كېلىپ ئاھ بۈگۈن،
تىكلىنىۋالدىم قومۇش كەپىنى.
ئاققۇن بولۇپ ئۇشبۇ شەھەرگە،
ھەيدەپ يۈردۈم كونا مەپىنى.

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى.

# ئەلچى قىلىپ قۇياشنى

ئەلچى قىلىپ مەن بۈگۈن ئەشۇ بۈيۈك قۇياشنى،
گۇۋاھلىقچۇن ئالدىڭدا سۆزلىتەيمۇ نىگارىم.
يۈرىكىمنى دانكودەك، مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ،
ئىشەنگىن دەپ مەن ساڭا، كۆرسىتەيمۇ نىگارىم؟

ھايات رەڭدار بولسىمۇ، ساختىلىققا تولسىمۇ،
بىراق، قەلبىم سەن ئۈچۈن بۇلغانمىغان بىر دېڭىز!
«ساۋاپ» دېگەن ئەنە شۇ، ئىككى ئالەم ئالدىدا،
مۇڭ قاپلىغان دېڭىزدا شاۋقۇن سېلىپ ئۈزسىڭىز.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

## تەنھا

خىيالغا بۆلۈنۈپ ئۇياتچان شائىر،
يۇلتۇزغا كۆز قىسىپ ئولتۇرار ئەنە.
مۇڭ باسقان يۈرەكتىن مۇڭلۇق بىر شېئىر،
تىزىلار قۇرلارغا ياش تۆكۈپ يەنە.

بۇ مىسكىن شائىرنىڭ قەلىمى بۈگۈن،
يىغلاڭغۇ شېئىرغا بولدى مۇپتىلا.
چىرمىغاچ دىلىنى يېشىلمەس تۈگۈن،
كۆزىنى يۇلتۇزدىن ئۈزدى شۇندىلا.

شۇ چەكسىز بوشلۇقتىن سۆيگۈ تاپالماي،
ھەسرەتتە بىر قەدەھ ئىچتى تولدۇرۇپ.
تومۇزدا سوغۇقتىن يۈرسە ياتالماي،
يۇلتۇزمۇ يوقالدى تەنھا قالدۇرۇپ.

1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

## يولچى ناخشىسى

گۈرجەك ئېلىپ قوللارغا،
ساۋاپ ئىشقا قېتىلدۇق.
يول ياساشقا بىز شۇنداق،
پەرۋانىدەك ئېتىلدۇق.

يولغا تۆكۈپ ئۈنچە تەر،
باستۇق پەرھات ئىزىنى.
ۋىسال تېپىپ شۇ يولدا،
تاپتۇق بەخت قىزىنى.

جۇدۇن ـ سوغدا ۋايىسماي،
كۈمۈش ئېقىن ياسىدۇق.
بەخت تىلەپ ئەل ـ يۇرتقا،
يول ئۈستىدە ياشىدۇق.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# بىر مەيخورغا

بۇ دۇنياغا ئىچىشكە، يارالغاندەك، بۇرادەر،
قاۋاقىلا چاپىسەن، پۇل كىرسىلا قولۇڭغا.
ئەس - ھوشۇڭنى يوقىتىپ، تاڭ ئاتقاندا كەلگەچكە،
ئايالىڭمۇ ياتالماس، كېچە قاراپ يولۇڭغا.

دەم ئېلىشنى بىلمىگەچ «پوستا تۇرۇپ» قاۋاقتا،
كام ماغدۇر بوپ ياتىسەن، خىزمىتىڭگە بارالماي.
«كاڭگۇك قىلسا ئىش ھەققى بېرىلمىسۇن» دېگەچكە،
قەرىزدار بوپ يۈرىسەن، يۈز كوي مائاش ئالالماي.

گاھى كۈنى سوقۇشۇپ، يېرىلغاچقا يۈز - كۆزۈڭ،
بىر ياتقانچە تالاغا چىقالمايسەن ھەپتىلەپ.
مال - بىساتىڭ قالمىغاچ، ئايەم بولسا ھەممىگە،
سالالمايسەن داستىخان، دوستۇڭ كىرسە پەتىلەپ.

شۇنداق ھالغا قېلىپمۇ، ھاراق ئىچىپ سەن يەنە،
چوڭ كوچىدا يېتىپسەن، تويدۇڭمۇيا جېنىڭدىن؟
مەست بولغاندا نەس باسار، بولدى، ئىچمە، بۇرادەر،
ئۆز پۇشتىڭمۇ نومۇس قىپ، ۋاز كەچمىسۇن سېنىڭدىن.

1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

# ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى

ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى،
جەم بولىمىز يىغىن زالىغا.
سۆزلەپ كېتەر باشلىق ئاچچىقلاپ،
بىزمۇ كۆندۇق ئۇنىڭ رايىغا.

قولاشمايدۇ سۆزلىرى ئۇزۇن،
تەنقىد قىلار باشتا بىراۋنى.
ئىنتىزامنى تەكىتلەپ يەنە،
تۈزۈپ چىقار نۇرغۇن «قارار» نى.

قىيسايغاندا سائەت ئىككىگە،
يەتكۈزىدۇ يىغىن روھىنى.
باشلىنىدۇ تۆتتە ئۆگىنىش،
ھەم كايىيدۇ مۇشتلاپ جوزىنى.

يەتتىگە داڭ ئۇرسىمۇ سائەت،
«خەۋەرسىز» دۇر باشلىق بۇنىڭدىن.
«تىرىلدىمۇ ۋالاقتەگكوروپ»
دېگەن ئاۋاز چىقار بۇلۇڭدىن.

ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى،
ئىشخانىدىن كۆچۈپ چىقىمىز.
باشلىنىدۇ تۈگىمەس يىغىن،
تاماكىنى تۈگۈپ چېكىمىز.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

## ھايات، سۆيگۈ، ئۆلۈم ...

ياتلاشقان بارماقلار ئۇچراشقان ئاخشام،
تولغىنىپ ئىگرىدى يىغلاڭغۇ تىلەك.
سۆيۈشلەر مەنىسىز، لەۋلەرمۇ سوغۇق،
ئاداققى تىنىقتا توڭلىدى يۈرەك.

كىرىستقا مىخلانغان ئىيسادەك قېتىپ،
بىر تىلسىز مەخلۇققا ئوخشىدى ئەجەب.
ۋەھىمە قاپلىدى ئەتراپنى شۇ چاغ،
ھېچ ئاۋاز چىقمىدى توۋلىسا كۈچەپ.

شارسىمان ئۆڭكۈرگە ئۇچۇرۇپ بوران،
شۇ ساتقىن «سۆيگۈ» نى پالىدى يىراق.
ئۇنتۇپلا كەتتىمۇ ئەزرائىل ئۇنى،
ئەلۋىدا دىدىيۇ، ئۆلمىدى بىراق.

1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

## ماۋزۇسىز

ئارمانلارنى يۇدۇپ تاڭغىچە،
ئۇخلىمايدۇ ئىزغىرىن شامال.
يۇلتۇزلاردىن ئۇزمەي كۆزىنى،
كۇي تۆكىدۇ بىر ساھىب جامال.

بىراق يارنىڭ ئىشقىدا كۆيۇپ،
ئاشىق يۇرەر تاپالماي ئامال.
ۋىسال قۇچاق ئاچماسمۇ ئاڭا،
قۇياش پېتىپ بولمىسا زاۋال؟

1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۇنى.

## كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە، نىگار

كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە، نىگار،
ھاياجاندا سالاتتىم چۇقان.
بېشىم كۆككە يېتەتتى شۇ چاغ،
مەن جاھانغا بولغاندەك خاقان.

ياستۇقۇمدا ئۆستۈرۈپ گۈلنى،
دەستە قىلىپ تۇتاتتىم ساڭا.
«ئويغىنىڭ» دەپ چاقىرسا ۋىناس،
«كىتاب» سۇنۇپ بېرەتتىم ئاڭا.

قەدەھ سۇنۇپ كېچە كۆزىدە،
كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە ئەگەر.
تاڭ ئاتماسقا ئوقۇتۇپ ئايەت،
سېنى تۇتۇپ قالاتتىم، نىگار.

2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

## ئەتە ساڭا ئۈمىدتە باقار

قىزارماستا ئۈپۈق گىرۋىكى،
چاچقۇ چاچار ئېتىزغا بوۋام.
ئېيۈندىكى دېمىق كېچىدە،
ئورما ئوروپ هارمايدۇ مومام.

تۆت پەسىلدە بولۇپ پاي ـ پېتەك،
دەم ئېلىشقا يەتمەيدۇ چولى.
مىڭ سوم پۇلنى تونىماس ئەجەب،
كەتمەن تۇتۇپ قاپارغان قولى.

قېلىشمايدۇ دېهقاندىن هالى،
«مۇئەللىم» دەپ يۇرگىنى بىلەن.
نامرات ئۆزى لېكىن شام ـ چىراق،
ئاھ، ئۈنىڭسىز كۆلمەيدۇ ۋەتەن.

كىرپىك قاقماي ئۆتىدۇ شۇنداق،
بىمارلارغا بولۇپ پەرىشتە.
هەسەن ـ هۈسەن قىلىدۇ تەزىم،
«دوختۇر» دېسە كۈلۈپ ئەرىشتە.

كۆرۈپ بېقىڭ ئورگان كادىرى،

شەنبەدىمۇ ئىشلەيدۇ كېلىپ.
ھەر كۆنلۈكى يازار تەسىرات،
بارماقلىرى كەتسىمۇ تېلىپ.

پۇل سورايدۇ كېلىپ يېنىمغا،
ئامانەت دەپ بانكا خادىمى.
قەرز تۆلەپ يۈرمەكتە ئەنە،
كىتاب سېتىپ شائىر خانىمى.

ئاندا - ساندا چىقىرار جىدەل،
ئوقەتچىلەر بازار تالىشىپ.
قېرى تۆلكە، ئالىدۇ پايدا،
باشلىق بىلەن بۇرۇن يالىشىپ.

* * *

تۇرمۇش ئېغىر، رەھدار بولسىمۇ،
ئەتە - ساغا ئۈمىدتە باقار.
تاتلىققىنە چايقىلىپ قۇياش،
كۆندە مىڭلاپ تۇغىدۇ باھار.

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

## چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش

مېۋىسىز نوتىنىڭ كېرىكى نېمە؟
ئاھ ئۇرۇپ، يىغلىما يۈز بەرسە چاتاش.
پولاتتەك يېتىلىپ چىقمىساڭ بوگون،
سەن ئۇچۇن مەنىسىز ئۆلۈكتەك ياشاش.

رىقابەت ھەم خىرس كەلدى يېقىنلاپ،
بىلىپ قال! قەدىمىڭ ئىراغا تۇتاش.
چىن بەخت بېشىڭغا تۇرار تۆكۈلۈپ،
ئويغىنىپ، ئۇپۇققا ئىنتىلسەڭ ئاداش.

چېچىلسۇن ئەل - يۇرتقا مېھرىڭدىن باھار،
چېھرىڭدىن نۇر ئېمىپ چاقنىسۇن قۇياش.
شەرەپ قۇچ بەيگىدە، كۆكلىسۇن ئىزىڭ،
ۋايىسما، مۇز تاغنى قىلساڭمۇ ھاپاش.

2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى.

# ئىگىسىز ئۆي

تولۇپ كەتكەن قومۇش ـ يانتاقتا،
هويلا ئەمەس جاڭگالنىڭ ئۆزى.
ئىشىكلىرى چۈۋۈلغان، ھەتتا ـ
كۆرۈنمەيدۇ توشقاننىڭ ئىزى.

تام تۈۋىدە دومسىيىپ تۇرار،
يۇلغۇن شېخى كۆرمىگەن ئوچاق.
ئەتۇر قاراپ ياتار پەرۋاسىز،
ئاشخانىدا داتلاشقان پىچاق.

تۇز، ماي چۈشەپ كونا قازناقتا،
يېتىمسىراپ يىغلايدۇ قازان.
چاشقان تۇغۇپ ياتقان سۇپىدە،
تۈكۈچ تىترەپ تۇرىدۇ ئاران.

يىغىلمىغان يوتقان، كۆرپىلەر،
دېرىزىدىن كىرمەكتە بوران.
پۈچۈق كۇلدان چىرقىرار ئەنسىز،
ئۆي ئىگىسى يوقالغان قايان؟

2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

## يامغۇردەك تۆكۈلدى ھېجران يېشىمىز
(روزى سايىتقا مەرسىيە)

تارىمۇ جۇڭغارمۇ مۇڭلىنىپ بۈگۈن،
«روزاخۇن نەدە» دەپ ئىزدەيدۇ سىزنى.
چولپاندەك نۇر چېچىپ كەتتىڭىز ئەجەب،
جۇدالىق ئوتىدا قالدۇرۇپ بىزنى.

يەتكەندە شۇم خەۋەر چېقىلىپ چاقماق،
زۇلمەت بوپ تۇيۇلدى بىزگە بۇ جاھان.
يامغۇردەك تۆكۈلدى ھېجران يېشىمىز،
ئۆرتىگەچ دىللارنى پىغانلىق چۇقان.

ئالدىراش بولسىمۇ تاشلاپ كەتمەننى،
دۇئادا دېھقاننىڭ قاداق قوللىرى.
ھەسرەتتە گوياكى تۇتقاندەك ماتەم،
شۇمشىيىپ، مەرىمەس كالا - قويلىرى.

بارخانلار قويىنىدا قېرى توغراقمۇ،
«جەننەتتە ياتسۇن» دەپ قىلىدۇ نىدا.
ئورنىغاچ نامىڭىز يۈرەك - يۈرەككە،
«روزاخۇن ھايات» دەپ ياڭرايدۇ سادا.

2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

## يېتىمسىراپ قالدىم ئايەمدە

سەن پەتىلەپ كەلمىگەچ بۇگۈن،
يېتىمسىراپ قالدىم ئايەمدە.
ئاھ، باشقىغا كەلمەيدۇ تىلىم،
سەنلا باردەك كەڭرى ئالەمدە.

يوللىرىڭغا قاراپ، نىگارىم،
قېيىپ بېشىم، تالدىم ئايەمدە.
ئېچىشىدۇ يۈرىكىم قاتتىق،
بىرلا يۈرەك بارغۇ ئادەمدە.

شىۋىرغاندا ئۈنسىز ياش تۆكۈپ،
ساتارىمنى چالدىم ئايەمدە.
نىچۈن، نىگارىم كەلمەيسەن يېنىپ،
بارمۇ چايان مېنىڭ سايەمدە؟

2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

## ئۇخلىۋالسۇن قەلبىمىزدە ئاققۇلار

هايات قىسقا، گۈزەل دۇنيا قۇرايلى،
بۇ دۇنيانى گۈل - چېچەككە ئورايلى.
چىن سۆيگۈنى يۈلتۇزلاردەك شاخلىتىپ،
تەبىئەتكە ئىپار چېچىپ تۇرايلى.

يىراق دېمەي مارىسقىمۇ بارايلى،
ئايدا تۇرساق، قۇياشقىمۇ قارايلى.
نىلۇپەردەك پورەكلىسۇن ئارمانلار،
چېچىمىزنى تاڭ نۇرىدا تارايلى.

ئەجرىمىزدىن تاغقا مۆھۈر باسايلى،
ئەقىدىنى زۇننار قىلىپ ئاسايلى.
ئۇخلىۋالسۇن قەلبىمىزدە ئاققۇلار،
كەلگىن، نىگار، ئىللىق ئۇۋا ياسايلى.

# ئۇيغۇر دېھقانلىرى

بۇ ئەزىز تۇپراقتا باغرىنى ياققان،
ئەل - يۇرتىنىڭ سادىر[1] دەك سۆيىدە ئاققان.
بىلىنى رۇسلاشقا يەتمىگەچ چولى،
ئالدىراش چىشىدا ئۇرۇقچا چاققان.
بىر تال ماش كۆرۈنسە ھودۇقماي شۇئان،
كۇلۇپلا گۇلخانغا قولىنى تىققان.
قۇياشتەك نۇر چېچىپ ئۇپۇقتىن چىققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى — كۆيۈمچان دېھقان.

ئوخشىماس ۋە لېكىن ھەممە دېھقانلار،
ئەسلىدە دېھقانغۇ ئايغا قونغانلار.
بىلمەسمىش كەتمەننى ياۋروپادىكى
ھاشارغا چىقمايلا دېھقان بولغانلار.
تۇتقۇزۇپ قويغانمۇ تەڭرى كەتمەننى،
تارىمدا قالدىغۇ يازدا توڭغانلار.
كەتمەننى قۇچاقلاپ ياتقىنى ياتقان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى — ئىشلەمچى دېھقان.

بىزدىكى دېھقانلار ئۆزگىچە دېھقان،

---

① سادىر پالۋان

قىشتىمۇ دەريادىن قاشتېشى تاپقان.
كۆكلىتىپ بارخاننى خۇددى پەرھاتتەك،
قولىنى بازغان قىپ تاغلارنى چاققان.
ئۆزلىرى ياخشىراق قىلمايلا ناشتا،
ئاھ، يۇرەك قېنىدا دۇنيانى باققان.
ھەيرانمەن جاپانىڭ ھەممىنى يىغقان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ــ جاپاكەش دېھقان.

خېزىر ئۇ، سىز ـ بىزگە ھايات يولىدا،
راسلايدۇ بېھىشنى ئىككى قولىدا.
ئارمىنى نېلۇپەر، ئىستىكى ئاققۇ،
غەيري بىر نىيەت يوق خىيال ـ ئويىدا.
ھاردۇقى چىقىدۇ يۇلتۇزلار بىلەن،
شاتلىقى، كۈلكىسى ئېتىز بويىدا.
ئەل ـ يۇرتنىڭ سادىردەك سۇيىدە ئاققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ــ خېزىردەك دېھقان.

ھارمايدۇ كەتمەننى كۆچەپ چاپسىمۇ،
سەزمەيدۇ قورسىقى شۇنداق ئاچسىمۇ.
«ئىشچان» دەپ ۋىناسمۇ كېلىپ يىراقتىن،
كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ، چاچقۇ چاچسىمۇ.
ۋايسىماس كارىغا، داتلىماس يەنە،
يىل ـ يىللاپ جاڭگالدا بوز يەر ئاچسىمۇ.
يەر دېسە زەي كۆرمەي باغرىنى ياققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ــ ئىشلەمچى دېھقان.

تېرىپ ئۇ شال، بۇغداي، كېۋەز ھەم قوناق،
نە ئۈچۈن باي بولۇپ تاپمىدى روناق؟
بۇ يىلمۇ ئامىتى كەلمىدى ئىسىت!
كۆزى كور ۋە ياكى بولمىسا چولاق.
تۆت قويى مەرەيدۇ، ئوت يىمەس ئەجەب،
سۇ قۇيسا چىلەكلەپ توشمىغاچ ئۇلاق[1] .
سەۋەب شۇ موھتاجلىق گېلىنى سىققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى — جاپاكەش دېھقان.

ھوسۇلنى ئاز - كۆپى سۇ ۋە ئەيدىكەن[2] ،
توخۇمۇ چۈشۈپلا ئاش - نان يەيدىكەن.
بەزىلەر گىدىيىپ يۈرگىنى بىلەن،
قىزارماي ئاش - ناننى ھارام يەيدىكەن.
يېتىپلا يىگەچكە ئاشقازان تۆشۈك،
ئوكۇلى ئېسىقلىق ئۆزى قەي[3] دىكەن.
نەدىكەن دېھقاندا شۇنچىلىك جىق قان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى — كۆيۈمچان دېھقان.

شەرىئەت ھارامنى - ھالال دېمەيدۇ،
پەش دېسەك مۇشۇكنى بەزنى يېمەيدۇ.
كۇلكۇندە ئاچ قورساق قېلىپ نەچچە كۈن،
ھاشاردا تاش چېپىپ، كەتمەن بىلەيدۇ.

---

① مال سۇغۇرىدىغان ياغاچ داس.
② ئوغۇتلاش.
③ قۇسۇش، قەي قىلىش.

بىلىپ قال دېھقانلار ئېتىز - ئېرىقتا،
سۇ توشۇش ئۈچۈنلا نەچچە تۈنەيدۇ.
ئەل - يۇرتىنىڭ سادىردەك سۈيىدە ئاققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھەقىقىي دېھقان.

شۇڭا بىز دېھقاننى ھاڭغا تەپمەيلى،
ئۆزئارا ئالداپلا ئۆتۈپ كەتمەيلى.
نەسلىمىز دېھقاندۇر، ئۆزىمىزمۇ ھەم،
قىززىغان كۆڭلىگە سۇنى سەپمەيلى.
قۇرۇلما تەڭشەلدى، ھاۋا تەڭشەلسۇن،
تۈگۈلۈكنى يوغان ئاچ، ھەرگىز ئەتمەيلى.
ئەل - يۇرتىنىڭ سادىردەك سۈيىدە ئاققان،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى — مېھرىبان دېھقان.

2003 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

## بايرىمىڭلار مۇبارەك

قىز چوكانلار، خانىملار،
زەپەر قۇچقان ئايىملار،
بىر سۆزۈم بار دائىملا،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

خىزىر دېگەن ئۆزۈڭلار،
چولپان تۇغار كۆزۈڭلار،
شۇڭا يورۇق يۈزۈڭلار،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

مېھرىڭلاردىن تاڭ ئاتار،
قولۇڭلاردا كۈن ياتار،
ئاۋازىڭلار بىر ساتار،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

سىلەر ھايات بۇلبۇلى،
بەيگىلەرنىڭ دۇلدۇلى،
ئەركەكلەرنىڭ ئوڭ قولى،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

كۈلكەڭلەردىن قۇت ياغار،

ھەممىتىڭلار مىڭ تاغار،
يۈرىكىڭلار ئاپئاق قار،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

گۈزەللىكتە ئاي سىلەر،
چاڭقاق دىلغا چاي سىلەر،
خىسلەتلەرگە باي سىلەر،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

بىرگە بارساق بارخانغا،
ياكى چەكسىز ئورمانغا،
جان قوشۇلار بۇ جانغا،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

بايرام بۈگۈن ئويناڭلار،
ساما سېلىپ قايناڭلار،
مەڭگۈ شۇنداق ئايناڭلار،
بايرىمىڭلار مۇبارەك.

2003 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

## رومالىنى يەنە پۇراپ يۇرگۇم بار

رومالىنى يارىمنىڭ يەنە پۇراپ يۇرگۇم بار،
«ساراڭ» دېسە باشقىلار پەرۋايىمغا ئالمايمەن.
ھىجران ئۆرتەپ يۇرەكنى پارە قىلسا مەيلىكى،
ئۇنتۇش ئۇچۇن كوننى يېڭىسىگە چالمايمەن.

ۋاپادارلىق كۇيىنى زىكرى قىلىپ ھەر تاڭدا،
قۇياش سۆيگەن تاغلارغا ئوخشىتىمەن ئەتەمنى.
بارخانلاردا كۆكلەيدۇ يۇلتۇز توغۇپ ئەقىدەم،
يارانقانغۇ تەڭرىمۇ بىر جۇپ قىلىپ ئادەمنى.

ھايات دېگەن رەڭگا ـ رەڭ قىسمەتلەرگە تويۇنغان،
يىغلىمايمەن ئاھ ئۇرۇپ يارىم يىراق كەتكەنگە.
شاھ سانالماس قەسىردە ئولتۇرسىلا گىدىيىپ،
شاھ بىلىنەر سائىلمۇ ھاجىتىگە يەتكەنگە.

رومالىنى شۇ يارىڭ يەنە پۇراپ يۇرگۇم بار،
ئاھ، يارىمنى تاپىمەن مۇز ئوكيانغا كەتسىمۇ.

ئاھ ـ يۇلتۇزدىن كۈنلەيمەن — يەنە كېلىپ قۇياشتىن،
ئېچىشىدۇ يۈرىكىم شامال سىيپاپ ئۆتسىمۇ.

2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# تاڭغا يانداش ناخشىلار

يېقىنلىشاي دېسەڭ گەر شەرتلىرىگە زامانىنىڭ،
يۇقتۇرمىغىن ئۆزۈڭگە قارىسىنى قازانىنىڭ.
نېلۇپەردەك كۆكلىسۇن دىلىڭدىكى ئارمانلار،
ئىنسان دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ غوجىدارى جاھانىنىڭ.

«بۇلبۇل» دەيدۇ باشقىلار بۇلبۇل كەبى سايرىساڭ،
گۇل كۆرۈنەر چۆللەرمۇ گۇل كۆزىدە قارىساڭ.
قۇياش سۆيەر چېھرىڭگە بوۋاقلاردەك ئەركىلەپ،
نەزەر سېلىپ يىراققا ئاق - قارىنى ئايرىساڭ.

ئاقىل بولسا تەدبىرىڭ تەقدىر ساڭا باش قويار،
مېھمان قىلىپ خىزىرمۇ كالا - تۆگە، قوي سويار.
رازى بولۇپ بوۋاڭمۇ «ئوغۇلكەن» دەپ ماختىسا،
گۇل تۇتىشىپ ئالدىڭدا پەرىلەرمۇ تىك تۇرار.

ئۈمىدىنى مىللەتنىڭ ئېدىسوندەك ئاقلىغىن،
ئەل قەلبىدە نۇرانە يۇلتۇز بولۇپ چاقنىغىن.
چېچەكلىسۇن يۇلتۇزدەك تاڭغا يانداش ناخشىلار،
نۇزۇگۇمنى سېغىنساڭ كىيىك كەبى تاقلىغىن.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

## ھىجراندا كۆزۈم ياش، يازدىم لىرىكا

سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم تىپىرلار يۈرەك،
مەنىسىز ئەمەسمۇ نىگارسىز ياشاش.
كېيىكتەك شوخ بۇلاق ئوقچۇماس بۈگۈن،
قاقاقلاپ بىر قېتىم كۈلمىدى قۇياش.

سۈكۈتتە شۈمشىيىپ قىران جىگدىلەر،
ماي ئېيى كەلسىمۇ تاراتماس پۇراق.
«كاككۇك» دەپ چاقىرماس زەينەپ باغلاردا،
جەنۇبنى تاشلاپلا كەتتىمۇ يىراق.

مۈڭلىنىپ ھەسرەتتە سارغايغان ياپراق،
بىز ماڭغان يوللارغا تۆكۈلەر ئەنسىز.
خاقان بوپ تۇرساممۇ بەخت گۈللىرى،
ئاھ، پۇۋلەپ تۇرسامغۇ ئېچىلماس سەنسىز.

ھىجراندا كۆزۈم ياش، يازدىم لىرىكا،
ئايرىلىش مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر ھامان.
ۋىسالسىز كۈنلەرمۇ قالار چۈش بولۇپ،
نېلۇپەر گۈلىدەك چايقىلىپ زامان.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا

مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا،
ھىجراندا ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ قۇياش.
ئاھ، بۇنداق قىسمەتتىن ئاغرىنىپ چوقۇم،
«ھەسەن ۋە ھۈسەن» مۇ بولمايدۇ ئاداش.

مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا،
باھارمۇ قايتىلاپ كەلمەس ھېچقاچان.
ئورمانلار ئورنىدا تۇرالماس ئۆرە،
شىۋىرغان ئارىلاش ھۆركىرەر بوران.

مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا،
مۇز تاغلار شەھەرنى قىلىشار قامال.
يۈكۈنۈپ ماتەمدە، چۇشۇرۇپ بايراق،
يەر شارى ئايلانماي توختار ئېھتىمال.

مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام ناۋادا،
يۇز بېرەر جاھاندا توپان بالاسى.
كەپتەرمۇ چىشلىمەس زەيتۇن شېخىنى،
مەڭگۈگە كۆرۈنمەس جانلىق قارا سى.

2001 - يىلى 12 - ئاي.

## چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،
بەدىنىم يېنىكلەپ كېتىدۇ قەۋەت.
شەنبە ھەم يەكشەنبە ماڭا تەئەللۇق،
باشلىقىم كايىپلا كېتىدۇ پەقەت.

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،
بالىلىق چۈشۈمنى كۆرىمەن يەنە.
«ئاخىرى سىرتماقتىن ئازاد بولدۇڭ» دەپ،
دوستلىرىم كېلىدۇ گۈل تۇتۇپ ئەنە.

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،
بارخانلار قوينىدا چاپىمەن كۈلۈپ.
مۆكىلەڭ ئوينىسام توشقانلار بىلەن،
توغراقلار مەڭزىمگە قويىدۇ سۆيۈپ.

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،
مەيخانا چۆلدەرەپ قالىدۇ چوقۇم.
زورىغا ئوينىماي سوغۇق تانسىنى،
ئۆزۈمنىڭ بولىدۇ بىر جۈپ قول - پۇتۇم.

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،

قومۇش نەي چالىمەن جىرالار ئارا.
رېزىنكە ئاياغنى تاشلاپ يىراقتىن،
ۋىناسمۇ كېلىدۇ چاچلىرى قارا.

چاقىرغۇ سايراشتىن توختىغان كۈنى،
قانغۇدەك ئۇخلايمەن پۈرىماي هاراق.
بولدى بەس! ئەركەمگە قويۇۋەت مېنى،
چاقىرغۇ، نېرى تۇر! سەن ئۇچ مىڭ تالاق.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي

## سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ …

كۈتۈشلەرگە قويمىغىن چېكىت،
ئاق - قارىنى ئايرىماي تۇرۇپ.
نازۇك دىلىڭ چەكمىسۇن ئازاب،
سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ.

گۈگۈم ئارا يۇرمىگىن تېنەپ،
ئۇلۇغ ئوكيان كەتسىمۇ قۇرۇپ.
تۆكۈلمىسۇن ئۈنچە ياشلىرىڭ،
سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ.

ئۆزگىلەردىن تىلىمە جۇۋا،
قار شىۋىرغان تۇرسىمۇ ئۇرۇپ.
هايات دېگەن مۇشۇكەن دېمە،
سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ.

نالە قىلما، يىغلاپ تەڭرىگە،
ئالتۇن - چىنەڭ كەتسىمۇ سۇنۇپ.
تەتۈرسىگە چۈشمىسۇن ئىزىڭ،
سۆيگۈ قۇشۇڭ سايرىماي تۇرۇپ.

2002 - يىلى 1 - ئاي.

## ئايرىلغاندا يارىم سىنىڭدىن

بىسلماقتا قەدىمىم تەتۈر،
زامان ئاخىر بولدىمۇ ئەجەب.
بىلەلمىدىم ئۆيۈم ئىشىكى،
ئىچىلمايدۇ تەپسەممۇ كۆچەپ.

ئۆزۈم باققان ياۋاش بويناقمۇ،
غەزەپ بىلەن ئېتىلدى ماڭا.
دەمدەرلىرىم ئۆنلىمەس بۈگۈن،
شىكەر چېچىپ بەرسەممۇ ئاڭا.

توختىمايدۇ ياكى ئىسەدەش،
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى يېشىم.
ئايرىلغاندا، يارىم، سىنىڭدىن،
ئەنە شۇنداق ئاغرىدى بېشىم.

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## بىر چېكىتتە تۇرساقمۇ لېكىن

بوسۇغامنى چېقىپ تاشلىدىم،
ياخشى كۆرۈپ پەقەت سېنىلا.
بىر چېكىتتە تۇرساقمۇ لېكىن ...
ئازاب كۈتۈپ تۇرار مېنىلا.

سايىدەكلا ئەگىشىپ ساڭا،
شامالللاردەك يۈرسەم ئەركىلەپ،
تاتلىقىنا تولغىنىپ پەقەت
چۈشەپ چىقتىم كېچە - كېچىلەپ.

ئېلىۋېرگە ئوخشاتتىم كۆرۈپ،
قار ئۈستىدە قالغان ئىزىڭنى.
ساقلاپ تۇرۇپ يەسلى ئالدىدا،
تونۇۋالدىم ئوماق قىزىڭنى.

مۇز ئۈستىگە يىقىلغان چالدەك،
يېتىپ كەتسەم قوپالماي ئەگەر.
ئىككىلەنمەي
بۇزۇپ سىزىقنى،
يۆلىگىلى كېلەمسەن، نىگار؟

2002 - يىلى 1 - ئاي.

## تەتۈرسىگە قويۇلغان چېكىت

جەنۇبتىكى خىلۋەت بىر كەنت،
ئاپتاپ سۇنار كۈنگە قاقلىنىپ.
بارخانلاردەك چوقچىيىپ پەقەت،
كونا بىر ئۆي قالغان ساقلىنىپ.

ئۆي ئىچىدە سوغۇق تەر بېسىپ،
سۇنۇق كۈلدان تۇرار يۆتىلىپ.
سەكرەپ يۈرۈپ قىسماق ئۈستىدە،
ئوزۇق ئىزدەر چاشقان ھۈرپىيىپ.

غىچىرلايدۇ سۇۋاقسىز تاملار،
بىر - بىرىگە سۈركىلىپ ئاستا.
ئىشىكى يوق، قۇيۇن پىرقىرار،
خارەت[1] شۇنداق ئەتكەنمۇ باشتا؟

ئوقۇپ يەنە كونا ناخشىنى،
باھار چۈشەپ ياتار بىر يىگىت.
تۇمان پۈركۈپ تۇرغان تەقدىرى -
تەتۈرسىگە قويۇلغان چېكىت!

2002 - يىلى 1 - ئاي.

---

① خارەت — ياغاچچى.

## سەھەر

قىز لېۋىدەك رەڭلەنسە ئؤپؤق،
كؤلؤمسىرەر بوشلؤقلار ئوماق.
ئۆز بەختىنى ئىزدەپ زېمىندىن،
قؤياش يؤرەر تېرىپ تۆت قؤلاق.

يايلاقلاردا تاقلىسا كېيىك،
ئورمانلاردا ياڭرايدؤ «ئؤشاق» .
نؤر قوينىدا نؤردەك ئؤزىراپ،
بارخانلارنى چؤشەيدؤ بؤلاق.

## باھار

چاپىنىنى سېلىپ ئەتىگەن،
بالىلارمۇ تاشلىدى تۇماق.
تاتلىقىنە كۈلۈپ تەبىئەت،
قىز چېھرىدەك تۇرىدۇ ئوماق.

سايرىشىنى ئاڭلاپ تورغاينىڭ،
يىغىسىدىن توختىدى بوۋاق.
ناخشا ئېيتسا پادىچى بالا،
لىرىكىغا كۆمۈلدى شىۋاق.

# ئايرىلغاندا ياردىن

ئايرىلىشنىڭ ئوتلىرى كاۋاپ قىلغاچ يۈرەكنى،
پىراقىڭدا ئۆرتىنىپ، تولغىنىمەن يىلاندەك.
چىقالمايمەن تالاغا، قىيىپ ئەمدى باشلىرىم،
تەمبەل ئىدىم ئەسلىدە خۇددى سادىر بوۋامدەك.

مۆلدۈر سوققان مايسىدەك يېتىپ كەتتىم ھالسىراپ،
ئۆلىمەيدۇ قەپەستە يېتىمسىرەپ كەپتىرىم.
ئوقاي دېسەم باشقىدىن ساڭا يازغان قوشاقنى،
نېمە بولدى ئاھ بۈگۈن ئېچىلمايدۇ دەپتىرىم.

مۇزلاپ تۇرار ئىيۇلدا پۈت - قوللىرىم ئۈيۈشۈپ،
ئىنسان كىرمەس ئاي يىللاپ ئاشۇ كونا ئۆيۈمگە.
چاڭقاپ كەتتىم، نىگارىم، ئىچەي دېسەم ئامال يوق،
بۇلغىنۇەتتى كۆلچەكنى قوڭغۇز چۈشۈپ سۈيۈمگە.

نەلەرگىدۇر يوقالدى، كۆيۈپ باققان ئاسلىنىم،
ئايرىلغاندا ياردىن ئىشلار تەتۈر كېلەمدۇ؟
يامغۇر چۈشەر تاراسلاپ كىرىۋالسام گەمىگە،
ئېيتقىن، نىگار، ئاشىقىڭ شۇنداق سەرسان يۈرەمدۇ؟

2002 - يىلى 1 - ئاي.

## سوغۇق كېچە

سوغۇق كېچە مەن تەنها ئايلىنىمەن نىگارىم،
ئۆكسىمەكتە دىلىمدا قۇرۇپ كەتكەن ئارمانلار.
«بىز تونۇشقان جاي ئۇ» دەپ يېقىنلاشسام ئۇمىدتە،
ھېچ قوينىغا ئالمىدى ياتلاشقاندەك ئورمانلار.

يۇلتۇز ئۇچۇپ، تولۇن ئاي نەلەرگىدۇر يوقالغان،
ئاڭلانمايدۇ ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى قۇلاققا.
قولاشمايدۇ قوللىرىم سەرەڭگىنى ئالغىلى،
نېمە بولدۇم ئاھ بۇگۈن، ئايلاندىمۇ چولاققا؟

شىلەپەمنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى شىۋىرغان،
تۆكۈلمەكتە بېشىمغا قار ئۇچقۇنى لەپىلدەپ.
كۆرۈنگىنى كۆزۈمگە غۇۋاغىنە بىر چېكىت،
چىدىغۇسىز ئازابتا تولغىنىمەن ئېسەدەپ.

سوغۇق كېچە مەن تەنها ئايلىنىمەن نىگارىم،
بىر تېمى يوق ئۆيۈمنىڭ، قايتىپ كەلگۈم كەلمەيدۇ.
پىلىك سېلىپ نەچچە رەت ماي قۇيساممۇ چىراغقا،
نېمە ئۈچۈن بۇ چىراغ ئوت ياقساملا كۆيمەيدۇ؟

2001 - يىلى 12 - ئاي.

## باللارچە ساداقەت

«دوستۇم» دېسەڭ ئالدىنىپ، ئۆرۈك پىشقان باغلاردا،
دوست بولۇشتۇق دەپتىمەن، ئىككى دۇنيا ـ قىيامەت.
«يېقىنلاشما تۇلكىگە چىشلىۋالار قولۇڭنى»
دېسە، ئېرەن قىلمايلا يۈرۈپتىمەن، جامائەت.

مانا ئەمدى چۈشەندىم، تالاي قېتىم پۈتلىدىڭ،
كۆلۈپ يۈرسەم هاياتتا، كېسەل تەگمەي سالامەت.
«مەبلەغ سالغىن شېرىك» دەپ ئىچى قۇرۇق كانلارغا،
تارتىۋالدىڭ قولۇمدىن، تەگسە بىر ئاز دارامەت.

بىتاب بولۇپ يىقىلسام، يوقلاش تۇگۇل، رەستىمدە ـ
سېغىزخاندەك سايراپسەن، بولۇپ خۇشال كارامەت.
ئۆلۈپ كەتسەم ناۋادا، نامىزىمنى باش بولۇپ،
ئۆتۈمەكچى بولۇپسەن، ئالماي تۇرۇپ تاهارەت.

شاراب قۇيساڭ بەزمىدە، تۇتۇپ ماڭا تاماكا،
چۈشۈپتىمەن دامىڭغا، بىلسەم ئەمدى ـ ئالامەت.
ياتلاشقاندەك ئۆزۈمدىن، ئۇھسىنىمەن تاڭلاردا،
قاچانلاردا يوقىلار، ماڭا چۈشكەن تالاپەت.
ئىلتىجا قىپ تەڭرىگە يازدىم ئاخىر لىرىكا،
قۇرۇپ كەتسۇن مەندىكى باللارچە ساداقەت.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

# توۋا قىلدىم

توۋا قىلدىم سەن بىلەن تونۇشقانغا، نىگارىم،
ئۆز ـ ئۆزۇمدىن مەن بۇگۇن قالدىمغۇ بەك ئەنسىرەپ.
شۇركۇندۇ بەدىنىم، كۆرسەم ئەگەر ئەپتىڭنى،
«ماڭغىن» دېسەڭ ئالدىڭدا، ماڭالمايمەن تەمتىرەپ.

ئاۋازىڭنى ئاڭلىسام، جىغىلدايدۇ يۇرىكىم،
ۋارقىرايمەن، ئۇخلىماي قارا بېسىپ قالغاندەك.
يىقىلىمەن سەل تۇرۇپ، قارا قورساق بۇلاڭچى ـ
توقماق بىلەن كاللامغا تۇيۇقسىزلا سالغاندەك.

پۇت ـ قولۇمدا جان قالماس، يېقىنلاشساڭ يېنىمغا،
تۇتۇلىدۇ زۇۋانىم ئالۋاستىنى كۆرگەندەك.
ئۇۋىدىن قاچقان كېيىكتەك توختىماستىن قاچىمەن،
ئاھ، مەن تۇرغان زېمىننى توپان بېسىپ كەلگەندەك.

يالغان كۇلۇپ بەزلىمە، تېڭىپ بولماس سۆيگۇنى،
قولتۇقلىشىپ سەن بىلەن يۇرەلمەيمەن، بىلىپ قال!
بىخلانماپتۇ دىلىڭدا، مېھىر ـ ۋاپا ئۇرۇقى.
ئازدۇرالماس سازلىرىڭ، مەيلى قانداق كۇيگە چال!

توسما ئەمدى يولۇمنى، ساڭا قالسۇن ئۆيلىرىم،

سەن ئويىنىغىن بەزمىدە، يالغۇز كەلگەن جۇۋاندەك.
ماڭا چۈشكەن پىراقلار، باشقىلارغا چۈشمىسۇن،
ئۆتۈپ كېتەي «بويتاق»لا تاھىر تالىپ بوۋامدەك.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي

## يادىڭغۇ بالا

1

ئاياغ مايلاپ قىستاڭ كوچىدا،
ئولتۇرىدۇ يادىڭغۇ بالا.
كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى،
ئاھ، كاچكۇلدەك بولسىمۇ تالا.

چوتكا تۇتۇپ قەلەم ئورنىدا،
كىچىك تۇرۇپ ئېگىلدى بېلى.
توڭلىغاندەك قىلمايدۇ بەلكىم،
سەزمەس بولۇپ قالدىمۇ قولى؟

شۇنداقتىمۇ بىچارە بالا،
«تىجارەت» كە ماڭىدۇ سەھەر.
جەسەتلەردەك كۆرۈنەر ئاڭا،
موھتاجلىقتا ئەسنىگەن شەھەر.
«توۋا» دەيسىز چىشلەپ ياقىنى،
ئۆتمۈشىنى سورىسىڭىز ئەگەر.

2

كۇلدۇرەتتى كۆيۈمچان ئانا،
قۇچىقىدا پەپىلەپ ئۈنى.
ئوينىتاتتى مېھرىبان دادا،

باغچىلاردا يېتىلەپ ئۈنى.

قۇياش سۆيۈپ ئۈنىڭ چېھرىگە،
كېيىك كەبى يايرىغان خۇشال.
باشلىرىغا تۆكۈلۈپ يۇلتۇز،
زىننقىدا تۇنىگەن ھىلال.

قىرىشقاندەك پېشكەللىك ئاڭا،
ئاھ، ئۇزاقتا بارمىدى بۇ ھال.
قاراڭغۇدا قالدى بىردىنلا،
تۇيۇقسىزلا بولغاندەك زاۋال.

توك سوقۇپلا كەتتى ئانىسى،
سەككىز ياشقا توشمىغان يىلى.
كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى تارام،
مايسا تۇرۇپ داغلاندى دىلى.

ئانىسىنىڭ يىلى توشمايلا،
يالغۇز قالدى ئۆيدە ھەر كۈنى.
مەست كەلگەچكە دادىسى دائىم،
سۆيەلمىدى ئەركىلەپ ئۈنى.

هاراقلارغا چىلىنىپ دادا،
بالىسىغا بۆلمىدى كۆڭۈل.
كىتاب - دەپتەر ئېلىپ بەرمىدى،
مەكتىپىگە ئاپىرىش تۇگۈل.

ھاراق دىسە چاپتى شۇ دادا،
ئۆيلەنسەمۇ ياش بىر سەتەڭگە.
«ئالدىراپ» لا كەتتى ئىيۇندا،
مەستلىكىدە چۇشۇپ ئۆستەڭگە.

قوزىچاقتەك قالدى تەمتىرەپ،
ئون بىر ياشقا توشمىغان بالا.
ئىيۇلدىمۇ سەزمىدى باھار،
ئوت پۈركەپلا تۇرسىمۇ دالا.

3

يۇز قىرىق سوم نەپىقە پۇلى،
بالا ئۇچۇن بولمىغاچ نېسىپ.
تۆلىيەلمەي ئوقۇش پۇلىنى،
ئۇ يىغلايدۇ بوينىنى قىسىپ.

يالۋۇرسىمۇ ئۆگەي ئانىغا،
پەرۋاسىزلا يۇرمەكتە ئەنە.
تەڭ كېچىدە كېلىپ تانسىدىن،
قاپاق تۇرۇپ دوق قىلار يەنە.

ۋارقىراشتىن قورقۇپ تىترەپ،
قورسىقى ئاچ ياتار تولغىنىپ.
ئىلىنىپلا كىرپىكى بەزەن،
«ئانا، نان» دەپ كىتەر ئويغىنىپ.

ئۆز ئۆيىگە كىرەلمەي بەزى،
كوچىلاردا يۈرەر تەمتىرەپ.
كەچ كىرسىمۇ، كەلمىسە بالا،
ئۆگەي ئانا كەتمەس ئەنسىرەپ.

ئانىسىنى چۈشەپ ھەر كۈنى،
بالا يىغلار تۇپراقنى سۆيۈپ.
ۋاقىتسىزلا توزىدى ئىسسىت،
خورلۇق ئىچرە تېپىرلاپ يۈرۈپ.

كەرەلەرنى يادلىماي تۈرۈپ،
باشلانغۇچنى «پۈتتۈردى» چالا.
ئاياغ مايلاپ يۈرەر ئاشۇنداق،
يېلىڭ كىيىم، يادىڭغۇ بالا.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## قۇياش لىرىكىسى

ئوخشاتساقمۇ قۇياشقا، ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ،
شۇ قۇياشنى ئانىلار تۇغۇپ قويغان ئەسلىدە.
سۆيگۈ بېرىپ، نۇر بېرىپ ئۆز قوينىدا چوڭ قىلغان،
بوۋاقلارنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەندەك يەسلىدە.

دادا دېگەن قۇياشقا مەدەت بەرگەن، كۈچ بەرگەن،
شۇڭا قۇياش ھەر كۈنى ئۇپۇق يېرىپ پارلايدۇ.
دادا دېگەن تۈۋرۈكى ھاياتلىقنىڭ بىلسىڭىز،
يۈرىكىدە ئۇنىڭكى پولات كۆيۈپ قاينايدۇ.

يول مېڭىشنى قۇياشقا ئۆگەتكىنى مۇئەللىم،
مېڭىپ قۇياش ھەرزامان ھېرىپ، چارچاپ، تالمايدۇ.
تۇتاش مەڭگۈ يىلتىزى كائىناتقا، زېمىنغا،
نۇر چاچىدۇ، ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا قالمايدۇ.

تۇغۇلىدۇ ئۇ يەنە ياخشىلىقتىن ـ سۆيگۈدىن،
قۇياش دېگەن ئاشۇنداق كۈيلىگەنگە تۈگىمەس.
قۇياش دېگەن تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن جەننىتى،
قۇياش باركى يانۋارمۇ بىزگە سوغۇق بىلىنمەس.

2002 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل.

## بىز يۇرەيلى بۇرۇنقىدەك سۆيۈشۈپ

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ گۈزەل مىنۇتلار،
يۈرەتتۇققۇ چىمەنلەردە سىردىشىپ.
ئۆتسە بىر كۈن كۆرۈشەلمەي ئىككىمىز،
كېتەتتۇققۇ بوۋاقلاردەك يىغلىشىپ.

ئاخشاملىرى ئايغا قاراپ ئولتۇرسام،
قىزغىناتتىڭ قارىمىغىن دەپ مېنى.
ئازاب بىلەن تولغىناتتىم چىدىماي،
كۈندۈزلىرى كۈندىن كۈنلەپ مەن سېنى.

باشقىلارمۇ ھەۋەس بىلەن قارىشىپ،
«خۇدا قوشقان قوشماقكەن» دەپ كۈلەتتى.
بەخت تىلەپ بىزگە ھەتتا قۇشلارمۇ،
باغلار ئارا بىزنى كۈيلەپ يۈرەتتى.

نېمە بولدى بۈگۈن ساڭا بىلمىدىم،
ياكى ئاناڭ سېنى تىللاپ، ئۇردىمۇ؟
گۈل چېھرىڭنى قاپلاپتۇغۇ تۇمانلار،
شەيتان ئەپسۇن ئوقۇسا گەر يۇردىمۇ؟

ئۇنداق بۇتناپ يۇرمە ئەمدى مېنىڭدىن،
چىن سۆيگۈگە قۇرت چۈشۈپ قالمىسۇن.
بىز يۇرەيلى بۇرۇنقىدەك سۆيۈشۈپ،
ئارىمىزدىن دۈشمەن پايدا ئالمىسۇن.

1994 - يىلى 7 - ئاي.

## كېرەك بولسا گەر ساڭا

ۋىجدانىڭنى نەسلىڭنى سېتىپ يۈرمەي تەڭگىگە،
ياخشىلىقنى ئىزدىگىن ھاياتىڭدا، ئادەملەر.
ئەل قەلبىدە ساقلانسۇن دېسەڭ نامىڭ مەڭگۈگە،
قىيا ئەمەس، يولۇڭدا چىن بېسىلسۇن قەدەملەر.

ئورا كولاپ يۈرمەستىن، بىر قازاندا قاينىساڭ،
بەخت قۇشى ئايرىلماس كېچە - كۈندۈز يېنىڭدىن.
روناق تېپىپ قەدەمدە، زەپەر قۇچۇپ ئاينىساڭ،
قۇياش كۆكتە كۈلمەمدۇ پەخىرلىنىپ سېنىڭدىن.

«كۆرەلمەسلىك» كېسەلنى چۆرۈپ تاشلاپ سەن شۇڭا،
ئۆزگىلەرنىڭ ئېشىغا توپا - توزان سالمىغىن.
يۈرىكىمنى بېرىمەن، كېرەك بولسا گەر ساڭا،
ئۆز پۇشتۇڭنى يىغلىتىپ ھارام پايدا ئالمىغىن.

1997 - يىلى 2 - ئاي.

# تەنها شائىر

خىيالغا بۆلىنىپ ناتىۋان شائىر،
يۇلتۇزغا كۆز قىسىپ ئولتۇرار ئەنە.
مۇڭ باسقان يۈرەكتىن مۇڭلۇق بىر شېئىر،
تىزىلار قۇرلارغا ياش تۆكۈپ يەنە.

بۇ مىسكىن شائىرنىڭ قەلىمى بۈگۈن،
يىغلاڭغۇ شېئىرغا بولدى مۇپتىلا.
چىرمىغاچ دىلىنى يېشىلمەس تۈگۈن،
كۆزىنى يۇلتۇزدىن ئۈزدى شۇندىلا.

شۇ چەكسىز بوشلۇقتىن سۆيگۈ تاپالماي،
ھەسرەتتە بىر قەدەھ ئىچتى تولدۇرۇپ.
تومۇزدا سوغۇقتىن يۈرسە ياتالماي،
يۇلتۇزمۇ يوقالدى، تەنها قالدۇرۇپ.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## مەن شۇنداق ئوۋچى

ئورمانلىقتا ئولجا ئىزدەپ ھەر كۈنى،
جەرەن بىلەن بۆركۈت ماراپ ياتىمەن.
ئوق چىقارسا باشقا ئوۋچى، چاندۇرماي،
مىلتىق ئەمەس پوجاڭزىنى ئاتىمەن.

ئاڭلانغاندا ۋىچىرلىشى قۇشلارنىڭ،
ئۇۋىسىنى ئىزدەپ شۇئان چاپىمەن.
توشقان چىقسا يولۇۋاس كۆرۈپ مەن ئۇنى،
مىلتىقىمنى تاشلاپ بەدەر قاچىمەن.

گەر يولۇقسا ئۆزگىلەرنىڭ ئولجىسى،
ھودۇقماستىن خۇرجۇنۇمغا سالىمەن.
«مەرگەن» دېگەن ئاتىقىم بار بىلسىڭىز،
ئوق چىقارماي بۆركۈتنىمۇ ئالىمەن.

1997 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

## تىپىرلايدۇ يۈرىكىم

ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىچاقتەك تەلمۈرۈپ،
قۇياش سۆيگەن تاغلاردىن سىنى ئىزدەپ يۈرىمەن.
گەر چېلىقسا جىرادىن مەۋھۇم ئىزلار كۆزۈمگە،
ئۇچرىغاندەك تۆت قۇلاق شۇ تۇپراقنى سۆيىمەن.

ئىز بېسىپمۇ تاپالماي قايتقىنىمدا ئۇھسىنىپ،
بۇلۇتلارمۇ مەن ئۇچۇن يامغۇر تۆكۈپ يىغلايدۇ.
تولا ئىزدەپ هالسىز مەن ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭدەك،
قانداق قىسمەت كەلدىكىن تەنها هايات قىينايدۇ.

كۆككە قاراپ كېچىسى كىرپىك قاقماي ئۆتىمەن،
بىلەلمىدىم يۇلتۇزۇم كۆرۈنەركىن قاياقتا.
ئاھ سىردىشىپ ئاي بىلەن شېرىن خىيال سۈرىمەن،
تىپىرلايدۇ يۈرىكىم سىغىنىش ۋە ئازابتا.

زەينەپ ئىزدەپ يۈرگەندەك كاككۇكنى توختىماي،
قايدا بولساڭ مەن سىنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمەن.
شاهىت بىزنىڭ سۆيگۈگە ئاشۇ قىرى توغراقمۇ،
ۋەسلىڭ ئۇچۇن چۆللەردە توسۇن تايدەك چاپىمەن.

1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

# تۈن بالىسى ـ يالماۋۇز بالا

(تۈن بالىسى — ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» رومانىدىكى نىياز ھېكىم بەگ)

تۈن بالىسى ـ يالماۋۇز بالا
ئەقىل ـ ھوشى بولغاچقا چالا.
پەرغانىلىك كەلسە باستۇرۇپ،
مېھمان قىلدى سويدۇرۇپ كالا.

تۈن بالىسى ـ يالماۋۇز بالا،
مىجەز ـ خۇلقى بولغاچقا ئالا.
نان بەرگەننىڭ كېسىپ قولىنى،
گۈلخان يېقىپ ئويىندى ساما.

تۈن بالىسى ـ يالماۋۇز بالا،
دىلى ئۇنىڭ كۆمۈردەك قارا.
خوتەنلىكنى داغدا قالدۇرۇپ،
يۈرىكىنى ئەيلىدى يارا.

تۈن بالىسى ـ يالماۋۇز بالا،

ئانا يۇرتقا ياغدۇردى بالا.
دېگەنلىرىم رىۋايەت ئەمەس،
ئىشەنمىسەڭ كىتابقا قارا.

1998 - يىلى 12 - ئاي.

# گۇمان

كۆيۈپ قالساڭ گۈزەلگە، ئويلاپ باققىن ياخشىراق،
ئۇمۇ ساڭا دىلىدىن ئاشىق بولۇپ يۈرەرمۇ؟
پەرھات بولساڭ، ۋاز كېچىپ گۈلىستانلىق باغلاردىن،
ئاھ، گىياھسىز تاغلاردا سېنى سۆيۈپ يۈرەرمۇ؟

ئەقىدەڭنى ئۇلۇغلاپ، ساڭا دىلدىن تېۋىنىپ،
كۆيۈپ سېنىڭ ئوتۇڭدا سۇلىرىڭدا ئاقارمۇ؟
گەر يولۇقساڭ خەتەرگە، شەپقەت تىلەپ تەڭرىدىن،
«ئاھ جېنىم» دەپ تۇپراققا يۈرىكىنى ياقارمۇ؟

ئازابلانساڭ سەنەمدەك، چاھارباغقا سولىنىپ،
سېنىڭ ئۈچۈن يىراقتىن ئۇچۇپ شۇئان كېلەرمۇ؟
رەقىب كەلسە ئالدىغا، چېپىپ ئۇنى قىلىچتا،
زەپەر قۇچۇپ غېرىبتەك كۆلۈشنىمۇ بىلەرمۇ؟

گۇمان تولا ۋە لېكىن ئىزتىراپتا قوش يۈرەك،
سۆيگۈ دېگەن ئاشۇنداق ئازاب بىلەن پۈتەرمۇ؟
ئىشىنەلمەي قىز - يىگىت سۆيگۈسىگە ئۆزىنىڭ،
قىرىق ياشقا كىرسىمۇ توي قىلالماي ئۆتەرمۇ؟

# كېلەلمىسەڭ يېنىمغا

كەتتىڭ يىراق، قايتىلاپ كېلەلمەسەن يېنىمغا،
تۆگۈلۈكۈڭنى ئېتىۋەت، زۇكام تېگىپ قالمىسۇن.
يېگۈڭ كەلسە زاغرىنى يېزىپ قويغىن ئىلچى دەپ،
نان ياقمىغىن بىر جانغا، بىلەكلىرىڭ تالمىسۇن.

كۆرۈپ قالساڭ ئاخشىمى، بۇلۇت سوققان يۇلتۇزنى،
ئۆز - ئۆزۈڭدىن شۇركۈنۈپ «ئاھ تەڭرىم» دەپ يىغلىما.
ئويلاپ باققىن قۇياشسىز قاچان باھار چىللىغان؟
تەقدىرىڭدىن ئاغرىنىپ، زىمىستاننى تىللىما.

كىرىپ قالسا چۈشۈڭگە نۇزۇگۇمنىڭ چاچلىرى،
باشقىلارغا بىلدۈرمەي بارمىقىڭنى ساناپ باق.
سەۋدا قىلسا ئايرىلىش، چىشلەپ تورۇپ لېۋىڭنى،
پالتا ئېلىپ قولۇڭغا ئەقىدەڭنى چاناپ باق.

مەنزىل يىراق ناۋادا كېلەلمىسەڭ يېنىمغا،
خەت چىشلىتىپ ئاغزىغا كەپتىرىڭنى قويۇپ بەر.
قار ئۈستىدە ئېچىلغان قار لەيلىسى ئەمەسمۇ،
پورەكلىسۇن يېشىڭدا، ئۆزۈڭ تىككەن نېلۇپەر.

2002 - يىلى 8 - ئاي.

## ىنيه

رىۋايەتتە ھاۋا ئانامىنىڭ،
توقۇلغانكەن سەندە كۆيىنىكى.
يارىلىشتا خىزىر بوۋامىنىڭ،
سەن ئىكەنسەن ئالتۇن چەينىكى.

تونۇلغانكەن جاھانغا بىلسەم ـ
سەندە كۆكلەپ تارىم يۇلغۇنى.
يۇلتۇزى شۇ «خوتەن» دېگەننىڭ،
ئالقىنىڭدا پارلاپ تۇرغىنى.

ئوغۇزخاننىڭ ئاتلىرى سەندە،
ئايلانغانكەن ئۇچار گىلەمگە.
شاۋاز كەلسە قوغلاپ، تاغلىرىڭ
پاناھ بولغان غېرىب ـ سەنەمگە.

«نىران» دېسە بولۇپ بىقارار،
ئاشىق ئىكەن چاڭئەن قىزلىرى.
تارىخىڭنى تۇرار ئەسلىتىپ،
چېچەكلىگەن بۆرە ئىزلىرى.

«خەننامە» دە سۆزلەنگەن تۇزۇڭ،
چىللاپ كەلدى يىراقتىن مېنى.
سەن يىلتىزىم، ئانا دىيارىم،
تۇيغۇم ياشتەك سۆيمەكتە سېنى.

2002 ـ يىلى 7 ـ ئاي .

# يېڭى يىل نەزمىسى

گۈللەرگە پۈركىنىپ كەپتۇ يېڭى يىل،
جەننەتنىڭ ھۆسنىدىن ئالغاندەك ئەنداز.
شادلىقتا چۆمۈلۈپ سۆيۈنگەچكە دىل،
قۇتلۇقلاپ يولىغا سالدىم پاياندار.
قاپلىغاچ دىلىمنى بىر ئىللىق سېزىم،
باھار بوپ تۈيۈلدى ماڭا بۇ ئاياز.

چۈنكى مەن يىللارنى ئۇزاتتىم دائىم،
ئەجرىمدىن بوينىغا زەر تۇمار ئېسىپ.
بەيگىدە يىللارنى ھەيرەتتە قويۇپ،
ئات سالدىم مەنزىلگە داۋانلار ئېشىپ.
ناخشامنى ياڭرىتىپ ئۆتتۈم مەن شۇنداق،
يىللارنىڭ قوينىدا پارلاق يول ئېچىپ.

مەن شۇنداق ئۇزاتقاچ كونا يىللارنى،
يېڭى يىلى شادلىقى دىلىمدا پەۋەس.
قوينىدا قۇت تېپىپ، زەپەر قۇچۇشقا،
يېڭىچە كۈچ بېرىپ قوزغىدى ھەۋەس.
بۇ يىلمۇ ئۇتىمەن «يورغا يىللار» نى،
ئەل ـ يۇرتۇم يولۇمدا بولغاچ ھەمنەپەس.

1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## مېنىڭ ناخشام

ھېسقا باي، تىرىشچان، ئۈمىدلىك ياشمەن،
توسالماس يولۇمنى ھېچقانداق داۋان.
تاغ كەبى تەۋرەنمەس بولغاچ ئىرادەم،
مۇشكۇلات ئالدىدا غالىبمەن ھامان.

ياستۇققا باش قويۇپ تىلەپ بەختىمنى،
«خۇداغا شۈكرى» دەپ يۈرمەيمەن زىنھار.
ئەجرىمدىن ۋەتەنگە چاچقۇلار چېچىپ،
ئىجادتىن بوينۇمغا ئاسىمەن زۇننار.

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي.

## ئەمگىكىم

شۇ قەدەر سۆيۈندى قەلبىم شادلىنىپ،
شەھەرنىڭ يېقىملىق پەيزىنى سۈرۈپ.
ھېسلىرىم ئۆركەشلەپ ئاقتى دەريادەك،
جەننەتتەك باغ ئارا گۈللەرنى كۆرۈپ.

شۇ گۈللەر قەلبىمنى قىلدى مەھلىيا،
سۈبھىدە ئېچىلىپ چاچقاچقا پۇراق.
گۈلزارغا كەچقۇرۇن كەلسەم قايتا مەن،
پورىكى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ بىراق.

ئۆكۈنۈپ تۇرساممەن گۈلنىڭ يېنىدا،
دىلىمنى يورۇتۇپ ئۆتتى بىر خىيال:
شۇ گۈلدەك تۇزۇيدۇ ئادەم ئۆمرىمۇ،
«ئۆمۈر ئۇ ئاتقان ئوق» دەپ يازغان بىلال.

شۇ خىيال ئىلكىدە دېدىم ئۆزۈمگە،
تاڭ سەھەر گۈلىدەك چاچاي خۇش پۇراق.
كەتسەممۇ كۆز يۇمۇپ ئۇشبۇ دۇنيادىن،
ئەمگىكىم گۈل كەبى تۇزۇمىسۇن بىراق.

1989 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

## بۇزۇلمايدۇ دوستلۇق ئەبەد

قوشكېزەكتەك ماڭدۇق سەپەردە،
بىزگە ياتتۇر بۇگۇن دە تالاش.
يايىاق قالساق بىرسىمىز چۆلدە،
كېلىپ شۇئان قىلىمىز ھاپاش.

رىتىمداشتۇر يۈرەكلەر بۇدەم،
بىز بولۇشتۇق «مەڭگۇلۇك» ئاداش.
بۇزۇلمايدۇ دوستلۇق ئەبەدىي،
مەنزىلىمىز ئۇپۇققا تۇتاش.

ئىناقلىقتىن سۆيۈنۈپ ھەتتا،
ھاياجاندا كۈلىدۇ قۇياش.
تىنىقلاردىن توكۇلەر سۆيگۈ،
مەۋجۇت ئەمەس بىزدە ياتسىراش.

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

## بايرام شادلىقى

بايرام بۈگۈن، بارچە چىرايدا
پارلىماقتا قۇياش جىلۋىسى.
خۇشاللىقتا ئوتلۇق يۈرەكتىن
ئوقچۇپ چىقتى شادلىق كۈلكىسى.

تاتلىققىنە كۈلۈپ بوۋاقلار،
چىللاپ كىردى خىزىرنى ئۆيگە.
ئاھ، سەكسەنگە ئۇلاشقان بوۋاي
ناخشا ئېيتىپ، قوشۇلدى كۈيگە.

سۈبھى بىلەن باشلانغان ناۋا،
ئايدىڭ كەچتە چىقتى ئەۋجىگە.
ئومايلارمۇ ئوينىسا ئۇسسۇل،
ئاي - يۇلتۇزلار كەلدى پەتىگە.

بايرام بۈگۈن يۇرتۇم قوينىدا،
بەخت بىزنى سۆيدى قۇچاقلاپ.
كائىناتنى سېلىپ لەرزىگە،
ھاياجاندا كۈلدۇق قاقاقلاپ.

1989 - يىلى 10 - ئاي.

# ئوغلۇڭمەن

ئەي ئۇلۇغ ۋەتىنىم — سۆيۈملۈك ئانا،
قۇياشتەك نۇر تۆكۈپ ئاچتىڭ كۆزۈمنى.
چىمەنزار بېغىڭدا يايرىسام يانا،
ئاھ — سەلكىن شامىلىڭ سۆيدى يۈزۈمنى.
ۋۇجۇدۇم شادلىقتىن يايرىدى مانا،
«ۋەتەن» دەپ باشلىسام يۈرەك سۆزۈمنى.

ئانىلىق مېھرىدە باققاچ سەن ماڭا،
قوينىڭدا قۇت تاپتى ياشلىق باھارىم.
چىن سۆيگۈ كۆيۈمنى ئاتىدىم ساڭا،
ئوغلۇڭمەن ۋاپادار، ئەزىز دىيارىم.
ئالايسا رەقىبلەر پارتلايمەن ئاڭا،
ۋەتىنىم بۇ مېنىڭ ياشاش مىزانىم.

1993 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

# ساختىپەز

ئۆيىڭىزنى «ئالتۇن» دا ئەتتىڭىزمۇ، ساختىپەز،
يالغان سۆزلەپ مەقسەتكە يەتتىڭىزمۇ، ساختىپەز؟

باشقىلارنى ئالداشتىن ئاتتىڭىزغا ئۆتۈپسىز،
ساپ ۋىجداننى يارماقلا ساتتىڭىزمۇ، ساختىپەز؟

ئاڭلىۋىدۇق «ئۆلدى» دەپ، يەنە هايات يۈرۈپسىز،
ئۇ دۇنياغا يالغاندىن كەتتىڭىزمۇ، ساختىپەز؟

ئەلنىڭ كۆزى ئەللىكتۇر، چۈشەنمەمسىز، ئەي نادان،
كۇلا بىلەن ۋاگوننى چاتتىڭىزمۇ، ساختىپەز؟

رەسۋا بولۇپ ئاخىرى توزۇپ كەتتىڭ ئارىدىن،
تەگسىز قارا پاتقاقا پاتتىڭىزمۇ، ساختىپەز؟

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

# مارتتا كۆرگەن تەتۈر چۈش

## 8 ـ مارت

ھاپاش قىلىپ قۇياشنى بۈگۈن،
مۈز داۋاندىن ئۆتتۈم ھاسىراپ.
سوغۇققىنە كۈلۈپ ھىلال ئاي،
قىچىپ كەتتى مەندىن ياتسىراپ.

ئۆتتۈۋىلىپ «داۋان» دىن قۇياش،
توختىتۋالدى تارتساممۇ كۈچەپ.
تەتۈرسىگە پىرقىرار ئالەم،
زامان ئاخىر بولدىمۇ ئەجەب.

## 21 ـ مارت

كىرپىكىمدە قاتماقتا قىرو،
ھۆركىرەيدۇ بۈگۈن شىۋىرغان.
ئۆچۈپ قالغان مەشنىڭ ئوتىمۇ،
ئاھ، چىرايىم سوغدىن تاتارغان.

پۈت ـ قوللىرىم ئۈيۈشۈپ بۇ دەم،
يۈرىكىممۇ مۇزلىدى مانا.

«نورۇز» دېگەن قانداق كۈندى ـ ئۇ؟
ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ، ئانا.

## 22 ـ مارت

يۆتكەپ كېلىپ ئوكيانىنى ئۆزۈم،
ئىچەلمىدىم ئۇندىن بىر يۇتۇم.
ئېلىنماقتا قەدىمىم تەتۈر،
ساق تۇرسىمۇ بىر جۈپ قول ـ پۇتۇم.

ھەممە ياقتا توپان بالاسى،
كۆرۈنمەيدۇ بارخانلار بۈگۈن.
ئاھ، سەكراتتا ياتىمەن «سۇ» دەپ،
قۇرۇق تۇرار يېنىمدا چۆگۈن.

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

## سەھرادا باھار

باھار بىلەن ئويغىنىپ زېمىن،
گۈل - چېچەككە پۈركەندى دالا.
يېنىككىنە تەۋرىنىپ ئورمان،
قۇش كۈيىگە ئوينىدى سامما.

گۈزەللىككە تويۇنغان سەھرا،
قۇياش كۆكتە كۈلىدۇ تاتلىق.
ھەر تىنىقتىن تۆكۈلۈپ شېئىر،
جىلۋە قىلار بۇ يۇرتتا شادلىق.

1998 - يىلى 4 - ئاي.

## سەھرادا سەھەر

ئۇپۇق يېرىپ پارلىسا قۇياش،
كېپىنەكلەر ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
خەندان ئۇرۇپ سايرىسا قۇشلار،
ئاھ، شادلىنىپ كۈلىدۇ سەھرا،
باش باھاردا ئالغاندەك ھوسۇل.

ئېتىزلىقتا ناخشا ساداسى،
سەھرا دېگەن گۈزەل شۇ قەدەر.
ھاياتلىقمۇ گۈللەيدۇ تەردە،
بېھىش دېگەن كېلىك بۇ يەردە،
ئەنە شۇنداق سەھرادا سەھەر.

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

# كۆلەرمەن بەلكىم

خىيال قىپ نىگارنى كۆلەرمەن بەلكىم،
تۆگىلۈكتىن قار گۈلى چۈشسە ئۆيۈمگە.
دېكابىر باھارنى تۇغار ئېھتىمال،
جور بولسا بىر توپ قۇش سەرسان كۆيۈمگە.

خىيال قىپ نىگارنى كۆلەرمەن بەلكىم،
بارخانلار قوينىدا بىخلانسا قۇياش.
بۇلۇتلار بارمىقى توسسىمۇ ئاينى،
يەنىلا لەززەتلىك ئازابلىق ياشاش.

خىيال قىپ نىگارنى كۆلەرمەن بەلكىم،
چېكىلسە دېرىزەم سوغۇق شامالدا.
قۇياشنىڭ باغرىدىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇش،
باقماقتا ھەيران بوپ سۈسىز ئارالغا.

1998 - يىلى 9 - ئاي.

# ماۋزۇسىز

ياتلاشقان بارماقلار ئۇچراشقان ئاخشام،
تولغىنىپ ئىگرىدى يىغلاڭغۇ تىلەك.
سۆيۈشلەر مەنىسىز، لەۋلەرمۇ سوغۇق،
ئاداققى تىنىقتا توڭلىدى يۈرەك.

كىرستقا مىخلانغان ئىيسادەك قېتىپ،
بىر تىلسىز مەخلۇققا ئوخشىدى ئەجەب.
ۋەھىمە قاپلىدى ئەتراپنى شۇ چاغ،
ھېچ ئاۋاز چىقمىدى تۇۋلىسا كۈچەپ.

شارسىمان ئۆڭكۈرگە ئۇچۇرۇپ بوران،
شۇ ساتقىن سۆيگۈنى پالىدى يىراق.
ئۇنتۇپلا كەتتىمۇ ئەزرائىل ئۇنى،
ئەلۋىدا، دېدىيۇ ئۆلمىدى بىراق.

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

## سەھرادا سەنەم

پەرلەردەك دېھقان قىزلىرى،
ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى.
سەھەردىكى مەيىن شامالدا،
يەلپۈنىدۇ تال ـ تال چاچلىرى.

تولۇن ئايدەك ئۈنىڭ يۈزلىرى،
بالدىن شېرىن، سىلىق سۆزلىرى.
يۈرىكىنى ئۇۋلاپ كىشىنىڭ،
ئوتنى ياقار ئاھۇ كۆزلىرى.

شۇڭا بۈگۈن سەھراغا كۆيدۈم،
سەھرادىكى گۈلقىزنى كۆردۈم.
تۇغار ئىكەن سەنەمنى سەھرا،
تاللاپ ئاخىر مەن ئۇنى سۆيدۈم.

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## سەھرا يىگىتىگە

تورغايلار زەر چاچقۇ چاچسا يولىغا،
باقىدۇ ھەۋەستە قۇياشمۇ كۈلۈپ.
ئىتىزدا كەتمەننى ئالسا قولىغا،
پەرىمۇ تاڭ قالار بەستىنى كۆرۈپ.

ئۆزگىلەر بەختىچۈن چېكىپ رىيازەت،
ئۆتىدۇ چىن ھايات پەيزىنى سۈرۈپ.
«بەختلىك بولغىن» دەپ سېخىي تەبىئەت،
قاقاقلاپ كۈلىدۇ مەڭزىگە سۆيۈپ.

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

## ۋەھىمە

(بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆرۈپ)

ئۇزۇلدىغۇ تارىمنىڭ كۈيى،
تۈيۈقسىزلا يەتكەندەك قازا.
سىيرىلماقتا تاغلار توختاۋسىز،
ئەتراپىغا توپلانغاچ مازا.

قۇم بارخىنى كەلمەكتە قىستاپ،
ھاياتلىققا يۇرگۇزۇپ جازا.
ياش تۆكىدۇ قاقشال توغراقمۇ،
ئانىسىغا ئاچقاندەك ھازا.

لەنەت ئوقار قۇياش يۇلقۇنۇپ،
مەۋجۇداتتا قالمىغاچ ھايا.
ئوت پۈركۈيدۇ ئىنسانغا بۇدەم،
قىزىتمىسى ئۆرلىگەن دۇنيا.

1999 - يىلى 6 - ئاي ،

## بولمىسا زاۋال ...

ئارمانلارنى يۇدۇپ تاڭغىچە،
ئۇخلىمايدۇ ئىزغىرىن شامال.
يۇلتۇزلاردىن ئۇزمەي كۆزىنى،
كۈي توقىدۇ بىر ساھىبجامال.

بىراق ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ،
ئوغۇل يۈرەر تاپالماي ئامال.
ۋىسال قۇچاق ئاچماسمۇ ئاڭا،
قۇياش پېتىپ بولمىسا زاۋال.

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

# نىلۇپەر ناخشىسى

چۇشۇمدىمۇ نىلۇپەر، ئوڭۇمدىمۇ نىلۇپەر،
مەن تېپىنغان ۋىناسمۇ، نىلۇپەرنىڭ ئۆزىدۇر.
سۇ ئۈستىدە بىر تەكشى، پورەكلىگەن گۈللىرى،
يەر شارىنىڭ «سۆيگۈ» دەپ، ئۇنۇپ چىققان كۆزىدۇر.

ئايدىڭ كەچتە قارىساڭ، كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا،
يوپۇرمىقى بەئەينى ئوخشايدىغۇ يۈرەككە.
گۈللەر تولا جاھاندا بىر - بىرىدىن قېلىشماس،
لېكىن، تىلىم كەلمەيدۇ نىلۇپەردىن بۆلەككە.

بىلمەك بولساڭ ناۋادا، چىن دىلىمدىن چىققان سۆز
ئەقىدەمنى كۆكلەتكەن، يۈرەك پارەم نىلۇپەر.
تۇتاشمىكىن تومۇرۇم سىرلىق كۆلگە ــ سايرامغا،
دولقۇنلايدۇ ۋۇجۇدۇم، تەكتى بەلكىم نىلۇپەر.

2002 - يىلى 8 - ئاي.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن

# نىلۇپەر ناخشىسى

ئاپتورى: ئەنۋەر ھىدايەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1029×787 ملليمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.375
2003 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08439—X
باھاسى: 10.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# نىلۇپەر ناخشىسى



ISBN 7-228-08439-X

9 787228 084395 >

ISBN7-228-08439-X

(民文) 定价：10.00 元